بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ۋاپادار ئاكا

# 讲情义的哥哥

**Wapadar aka**



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社

تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن 教与学

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

ۋاپادار ئاكا

讲情义的哥哥

Wapadar aka

01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۇلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گول چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھۆرۈن
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۆر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۈردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ

ISBN 978-7-900511-10-2

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى 新疆碧利库特公司开发

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）

9 787900 511102

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن




# ۋاپادار ئاكا

# 讲情义的哥哥

Wapadar aka

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

www.uyghurkitap.com

بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

بىلىمگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# ۋاپادار ئاكا

# 讲情义的哥哥

# Wapadar aka



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新 疆 电 子 音 像 出 版 社

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊，伊尔夏提（书法家），伊利亚尔（画家）
　　　　　马合木提江（画家）
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

www.uyghurkitap.com



# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىككىمىزدىن باشلاپ بوۋا ـ مومىمىز ۋە ئاتا ـ ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون يەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

چۈچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئـايلاندۇرۇپ بىـر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىـن ئۆتكۈزۈش ئـارقىلىـق بارلىققا كەلگـەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىـشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بـىلقۇت بـالىلار چۆچـەكلىرى» ـــ چۆچەكلەرنـىڭ مەزمـۇنـى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بـىلقۇتـجاننىـڭ قىسقا ـ قىسقا دىئالوگلىرى ئارقـىلىق بـىر ـ بىرىـگە باغلىـنىپ، بـىر پۈتۈن گـەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنـىڭ تىلى چـۇچۇك، راۋان ۋە يېقـىملىـق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقـان پەرزەنتلـەرنىڭ ئوقـۇشىغا تـولىمۇ بـاب كېـلىدۇ. بـىز بۇ بـىر يـۈرۈش كىتـابـنى پەرزەنـتلىرىـنى يارامـلىـق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا ـ ئـانىلارغا ۋە بـىلىمـگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ۋاپادارلىق ........................................ 1
تۇغقانلىق رىشتى .................................. 6
ئاكا ـ ئۇكا .......................................... 15
ۋاپادار ئاكا .......................................... 27
كىشى ياتتىن خاپا بولمايدۇ، ئۆز يېقىنىدىن خاپا بولىدۇ ··· 33
ۋاپادارلىق .......................................... 39
قېرىنداشلىقنىڭ ئۆلگىسى ........................... 68
ساپ كۆڭۈل يىگىت ۋە زېھنىلىك قىز .................. 71

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ۋاپادارلىق

پەرزەنتلەرنى ئەل ـ يۇرتقا، ئائىلىگە ۋاپادار، كۆيۈمچان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. ھەرقانداق يۇرت ۋە ئەلدە ۋاپادار كىشىلەر كۆپ بولسا، شۇ يۇرت ۋە ئەل تېز روناق تاپىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا گۈزەل ئەخلاق ھۆكۈم سۈرىدۇ، پەرزەنتلەر يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. قايسى ئەل ۋە يۇرتتا ۋاپاسىزلىق ئەۋج ئالسا، شۇ ئەل ۋە يۇرتنى جۇت باسىدۇ. مانا بۇ قەدىمدىن تارتىپ ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پەرزەنتلەر ئارىسىدا ۋاپادارلىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۆزۈندىن بىرى نەۋرىسى بىلقۇتجانغا ۋاپادارلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەندى. نەۋرىسى ھازىر ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى بىلىسىمۇ، ئەمما ۋاپادارلىقنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى تولۇق بىلىپ كەتمەيتتى، ئۇ كۆيۈنۈش، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشنىلا ۋاپادارلىق كۆرسەتكەنلىك دەپ چۈشىنەتتى. شۇ-



ڭا، ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى بىلىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالغانىدى.

بوۋىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا، بىلقۇتجان بۇگۈن:

— بوۋا، ماڭا ۋاپادارلىق، قېرىنداشلىق ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مۆھتەرەم بوۋاي دائىم كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالىدىغان ئەقىل- لىق نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىلقۇتجاننىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەي قەدىرلىك بالام! ۋاپادارلىق ئالدى بىلەن تۇغۇلغان يۇرت، ۋەتەنگە ۋاپادار، ساداقەتمەن بولۇش، ۋەتەنداشلار بولغان ئەل- يۇرتقا ۋاپادار بولۇش ۋە ئاتا-ئانىغا، قوۋم-قېرىنداشلارغا، دوست-يارەنلەرگە ۋاپادار بولۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاپادارلىق شۇنداق شېرىن بىر نېمەتكى، بۇ نېمەتكە ئېرىشكەن كىشىنىڭ دىلى يايراپ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ۋاپادارلىق كۆرسەتكۈ- چىدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ. ۋاپادارلىق كۆرسەتكۈچىمۇ باش- قىلارغا ياخشىلىق قىلالىغانلىقىدىن كۆڭلى يايرايدۇ ۋە قىلغان ئىشىدىن سۆيۈنىدۇ، ئەل- يۇرت بۇنداق كىشىدىن ئۇ- مۇرۋايەت مەمنۇن بولىدۇ، خەلق ئارىسىدا ۋاپادار كىشى ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە يې- تىشىدۇ. ھەرقانداق خەلقتە



www.uyghurkitap.com



ۋاپادار كىشىلەر كۆپ بولىدىكەن، شۇ خەلق تېز روناق تېپىپ، گۈللەپ ـ ياشنايدۇ، قايسى خەلقتە ۋاپاسىزلار كۆپىيىپ كەتسە، گۈللەپ ـ ياشناش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خارابلىشىپ گۇمران بولىدۇ. كۆز نۇرۇم بالام، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەل ـ يۇرتقا، خەلقىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولغان كىشى ئەڭ بۈيۈك ساخاۋەت ئىگىسىدۇر. سەنمۇ مانا مۇشۇنداق ساخاۋەت ئىگىسى بولۇشقا تىرىش، ساخاۋەتلىك بول، ساخاۋەت يىپىنچىسى ھەر ۋاقىت ئۈستۈڭدە بولسۇن. ئەڭ ئالدى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭنى، ۋەتىنىڭنى جېنىڭدىن ئەزىز بىلىپ سۆي ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىشكە، «ئەرنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بولۇش»قا تىرىش، چۈنكى، ئەل ـ ۋەتەن بولغاندىلا سەنمۇ بولىسەن، ئەل ـ ۋەتەن گۈللىگەندىلا، خاتىرجەم بولغاندىلا، سېنىڭ بەختىڭمۇ ئېچىلىدۇ؛ ئاتا ـ ئاناڭنى قەدىرلە، ئۇلارغا ۋاپادار بول، ئائىلەڭنى قەدىرلە، ئۇلارغىمۇ ۋاپادار بول. كېيىن چوڭ بولغاندا پەرزەنتلىرىڭنى كۆڭۈل قويۇپ ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشكە، بولۇپمۇ ۋاپادار بولۇشقا يېتەكلە، بۇ جەھەتتە ئۆزۈڭ ئۈلگە بول. شۇنداق قىلساڭ، سەن ھەقىقەتەن ۋاپادار ھېسابلىنىسەن...



بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز سۆزلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۆتەتەك قىزغىنلىق

بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەي جېنىم بالام! تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارنى سەن تېـ-خى ھېس قىلىپ بولالمايسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تۇغقان قېـ-رىنداشلارنىڭ مېھىر - مۇھەببەتلىك، ۋاپادار بولۇش - بولماس-لىقىمۇ كىچىكىدە تەربىيەلەشكە باغلىق. ياخشى تەربىيەلەنگەن بولسا، بالىلار تاكى قېرىغۇچە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، بىر ئائىـ-لىنى خۇشاللىقتا ۋە بەخت - سائادەتكە چۆمدۈرۈپ ياشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسىچۇ، ياتلار بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ - يۇ، بىر قور-ساقتا ياتقان قېرىنداشلار بىر - بىرىگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىـ-لىدۇ، قارىسىمۇ ئالۋاستىغا قارىغاندەك قارايدۇ، بالىلىرىنىمۇ بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىكى بار ھالدا تەربىيەلەيدۇ. بىرىنىڭ بېـ-شىغا كۈن چۈشسە يەنە بىرى ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ. بۇنداق قېرىنداشنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق.

— قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ ئۆتسە نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ مەن مۇشۇنداق بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن! — دېدى بىلقۇتجان چۇرۇقلاپ.



— شۇنداق، دېگىنىڭ كەلسۇن. تۇغقانلار ئارا مېـ-ھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چوڭلار چاچىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى قانچە مۇھىم بولغانسېرى ئۇرۇق - تۇغقان

بولغۇچىلارنىڭ ئالاقىسى شۇنچە قويۇق بولىدۇ. چوڭلارنىڭ قىم-مەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىبرەتلىك سۆزلىرى، قىلغان-ئەتكەنلىرى كىيىنكىلەرنىڭ ئاڭسىز ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ-دە، بارا-بارا كۆچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئەگەر چوڭلار بۇ جەھەتتە ياخشى رول ئوينىمىسا، شۇنچە يېقىن تۇغقانلارمۇ تەتۈر قارىشىپ، بىرەر ئىش بولسا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۇياقتا تۇر-سۇن، پەرۋايىغا ئىلماي يۈرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا كونىلاردىن بىزگە «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى يات ياخشى»، «تۇغقان ئىزدەشسە تۇغقان، ئىزدەشمىسە يات» دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلەر يېتىپ كەلگەن. دېمەك، تۇغقانچىلىقمۇ ئۈز-لۈكسىز كۈچەيتىشكە، تەربىيەلەشكە، پەرۋىش قىلىشقا موھتاج.

— بوۋا، ئۇنداقتا خەلقىمىزنىڭ قېرىنداشلىق ھەققىدە ئى-جاد قىلغان چۆچەكلىرىدىن ئېيتىپ بەرسىڭىز بولغۇدەك، — دې-دى بىلقۇتجان.

— ماقۇل، ئېيتىپ بەرسەم بېرەي، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا!



# تۇغقانلىق رىشتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىزدىن يىراقتا ئەمەس يېقىندا، لوپ-
نۇرنىڭ يېڭىسۇدا كاتتا بىر باي ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ ئىككى
ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئېتى موچۇنباي، كىچىكىنىڭ ئېتى قا-
غىباي ئىكەن. باي قېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئۆمۈر بويى توپلىغان مال - دۇنياسى ئىككى ئوغلىغا مىراس
قاپتۇ.

بۇ ئوغۇللار بىر مەزگىلگىچە ئاتىسىدىن قالغان مال - دۇن-
ياغا تەڭ ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتۈشۈپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار بى-
رىنىڭ كەينىدىن بىرى كارۋان تۆگىسىدەك تىزىلىپ ئۆتكەنسېرى
بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ كاللىسىنى: ئايرىم تىرىكچىلىك قىلىپ
باقمايمىزمۇ؟ ياكى بېيىپ قالارمىز ياكى كەمبەغەللىشىپ خاراب
بولارمىز، پېشانىمىزدىن كۆرمەيمىزمۇ؟ دېگەن خىياللار چۇلغاشقا
باشلاپتۇ. ئۇلار ئاتىسىدىن
قالغان مال - دۇنيالارنى
دەسلىپىدە تالاشسىز بۆلۈ-
شۈپتۇ، نۆۋەت قويغا كەل-
گەندە ئىككى ئارىدا بىر تو-
ياق قوي ئېشىپ قاپتۇ. مۇ-



www.uyghurkitap.com



شۇ بىر تۇياق قوي ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بوپتۇ.

مۇچۇنباي ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ:

— ئۇكام، مەن چوڭ بولغاندىكىن بۇ قوينى مەن ئالاي، — دەپتۇ. قاغىبايمۇ بوش كەلمەي:

— ئاكا، مەن ساڭا قارىغاندا ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئاز كۆردۈم، سەن قانائەت قىل، بۇ قوينى مەن ئالاي، — دەپتۇ.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە پەقەت يول قويماپتۇ. ئاخىرى قازىنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ بېرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

— ئەل قانۇنى بويىچە ئوغۇللار ئاتىدىن قالغان مال ـ دۇنياغا تەڭ ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ قوينى يا سېتىپ پۇلىنى ياكى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك، لېكىن سىلەر قازىخانىغا دەۋالىشىپ كەلدىڭلار، شۇڭا بۇ قوي دەۋا ھەققى ئۈچۈن قازىخانىدا قالىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ «ماڭمۇ يوق، ساڭمۇ يوق دېگەن مۇشۇ» دېيىشىپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەپتۇ، ئۇلار غوم ساقلىشىپ، ئېپىنى تاپسىلا بىر ـ بىرىنىڭ



ئۇستىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن سوركىلىشىدىغان، ھەتتا «سەن - پەن» دېيىشىپ ئۇرۇشىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. ئاخىر قاغىباي: «مۇشۇ يۇرتتىن مەنلا چىقىپ كەتسەم بولغۇدەك» دەپ ئانا يۇرتنى تاشلاپ، بالا ـ چاقىلىرىنى باشلاپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ، مال ـ ۋارانلىرىنى ھەيدەپ دۆڭقوتاز-غا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

يىللار ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىنى ئىز-دەشمەي تۇرغان يەرلىرىدە ياشاۋېرىپتۇ. مال ـ ۋارانلىرى ئايىن-ۋېرىپتۇ. ئۇلار ھەتتا بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇپ كېتەر ھالغا كېلىد-شىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا قېرىلىق يېتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى، باشلىرىنى قىروۋ قاپلاپ، بەللىرى مۈكچىيىشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى موچۈنباي ئاغرىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئەھۋال كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئەل ـ جامائەت ئەھۋال سوراپ، يوقلاپ تۇرسىمۇ، كۆڭلى بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك بولۇپتۇ. ئۇنى ئويلاپتۇ، بۇنى ئويلاپتۇ، ئەمما كۆڭلى ئىزدىگەن نەرسىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇنتۇپ كەتكەن ئۇكىسىنى ـ قا-غىباينى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى يورۇپ، جان تالىشىۋاتقان بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ياپراپ كېتىپتۇ. كۆڭلى ـ كۆك-



www.uyghurkitap.com



سىگە قاغىبايىنىڭ پىراقى ئوت بولۇپ تۇتىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ موچۇنباي: ئۇكام قاغىباي بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدىكەن، دېگەن ئويغا كەپتۇ. لېكىن بۇنىڭغا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرغۇزۇپتۇ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— هەي، يۇرت كاتتىلىرى، سىلەر بىلەن گاھىدا ياخشى دېيىشىپ، گاھىدا يامان دېيىشىپ مۇشۇ كەمگىچە بىرگە ياشاپ كەلدۇق. مېنىڭ هال - كۈنۈم مۇشۇ هالغا چۈشتى. سىلەردىن بىر ئىشتا يادەم سورىماقچىمەن.

يۇرت كاتتىلىرى:

— موچۇنباي، بىزدىن كۈتىدىغان تەلىپىڭنى ئېيت، بىز ئورۇندايلى. بولمىسا بىزدە قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

— بۇرادەرلىرىم، مېنى ئۇكام قاغىباي بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭلار، ئۇكامنىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم، ئۆلسەممۇ رازى ئىدىم، سىلەردىنمۇ ئۇ ئالەم - بۇ ئالەم رازى بولاتتىم، — دەپتۇ.



يۇرت كاتتىلىرى رازى بولۇپ قايتىپتۇ. مەسلىهەت بىلەن بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ قاغىبايغا ئەۋەتىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قاغىباي

ئاكىسىدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ قېرىلىق يېتىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى سۇسلىشىشقا باشلىغان ئىكەن. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا يېڭىسۇنى سېغىنىدىغان، ئاكىسىنى، يۇرت ـ قوۋملىرىنى پات ـ پات ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. مانا شۇ ئەھۋالدا يۇرگەن چېغىدا ئاكىسى ئەۋەتكەن كىشىلەر يېتىپ كەپتۇ. قاغىباي ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، كەلگۈچىلەر موچۇنباي ئەۋەتكەن مەكتۇپنى قاغىبايغا بېرىپتۇ. قاغىباي نامىنى كۆزىگە سۈرتۈپتۇ. خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى يېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ. موچۇنباينىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۇم ـ يۇم يىغلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا كەلگۈچىلەردىن بىرى سۆز ئېلىپ:

— قاغىباي، بولدى، كۆز يېشى قىلمىسىلا، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەيلى، بىز سىلىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق. بۇنىڭغا ئۆزلىرى نېمە دەيلىكىن؟ — دەپتۇ.

— ئۇھ... نېمە دەيتتىم، — دەپتۇ قاغىباي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئاكام مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن سىلەرنى ئەۋەتكەن بولسا مەن باراي.

ئۇلار يول تەييارلىقىنى قىلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ ۋە يېڭىسۇغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. بۇلارنى موچۇنباينىڭ باللىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. قاغىباي ئاكىسى ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشىغا،



uyghurkitap.com



ئۆي ئىچىدىن ھەسرەت ـ نادامەتلىك، نالە ـ پەرىيادلىق مۇنداق بىر گەپ ئاڭلىنىپتۇ:

ئاش تېپىلۇر، سۇ تېپىلۇر، تۇغقان تېپىلماس،
بىر تۇتام پاختا بىلەن بويۇڭ يېپىلماس.

بۇنى ئاكىسى موچۇنباينىڭ دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان قاغىباي ئۆي ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپتۇ ۋە «ئاكا...!» دەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشىغا، موچۇنباي نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئۇكىسىنى كۆرۈپ:

ــ ئۇكام... كەلدىڭ... مۇ! ــ دەپتۇ ئارانلا ۋە شۇئان ئۇنىڭ ئورۇق چىرايىغا كۈلگە يۇگۇرگەندەك بوپتۇ ـ دە، بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىنىڭ دىدار كۆرۈشۈشى شۇ يەرگىچە بوپتۇ. قاغىباي ئاكىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ پەرياد ئۇرۇپ ھازا ئېچىپتۇ، ئۇنىڭ يىغا ـ زارىدىن ئالەم تىترىگەندەك بولۇپتۇ. يۇرت ـ جامائەت سەۋر قىلىش توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىلىپتۇ، ئەمما قاغىباينىڭ يىغىسى بېسىقماي، كۆز يېشى سەل بولۇپ ئېقىپتۇ. جامائەت مۇردىنى يۇيۇپ تاراپ يەرلىككە تاپشۇرغىلى مېڭىپتۇ. قاغىباي بېلىگە ئاق باغلاپ، ھاسا تايىنىپ، تاۋۇت ئالدىدا مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇپ يىغلاپ مېڭىپتۇ:



تېپىلدى ئاش، تېپىلدى
سۇ، تېپىلدى كەڭ يەر،
يار ـ بۇرادەر بولۇش
ئۈچۈن تېپىلدى كۆپ ئەر.

لېكىن كۆڭۈل ئۇچۇن ئۇلار بولسىمۇ ئەمەك،
بولمايدىكەن ئۆز تۇغقاندەك تىرەنچۇك - يۆلەك.
تۇغقان دېگەن تۇغقان ئۇچۇن بەكمۇ ئەزىزكەن،
بىر - بىرىگە كۆيۈپ ئۆتسە ئۆمۈر لەززىكەن.
ئۇرۇق - تۇغقان ئىناق ئۆتۈك، بىزدىن پەندىيات،
ئىناقلىقتا گۈللەيدىكەن ئوقەت ھەم ھايات.

قاغىباينىڭ ئوقۇغان بۇ بېيتى كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە ئىبرەت بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېگىسۇلۇقلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىناق - كۆيۈمچان بولۇپ ياشايدىغان بولغانىكەن.

بىلقۇتجان بۇ تەسىرلىك چۆچەكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىنى چۈشەندى - دە:

— بىر قېرىنداش تۇغقانلار دېگەن بىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەش كېرەك، — دېدى سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — يۇقىرىدا ئېيتىلغان چۆچەكتە ئىككى ئاكا - ئۇكا ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - مۈلۈكنى بۆلۈشەلمەي، قاتـ



www.uyghurkitap.com



تىق زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ ۋە ئاخىردا بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بىر ـ بىرىنى ئىزدەشمەيدۇ، ئاـ خىر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىدىلا بىر ـ بىرىنى ئەسكە ئېلىـ لىشىدۇ ـ دە، قېرىنداشلىق مېھرى قوزغىلىپ، ئاخىر تېپىشىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن كەـ چۈرمىشلىرى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، دۇنيادا ھەممە نىمە ئىزدىسە تېپىلىشى مۇمكىن، ئەمما قېرىنداش ھەرگىز تېپىلمايـ دۇ، شۇڭا قېرىنداشلار ئارا مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولۇش، بىر ـ بىرىنى قەدىرلەش، مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش ھەممىدىن مۇـ ھىم. ئەلۋەتتە، دۇنيادا ۋاپاسىز قېرىنداشلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ۋاپاسىزلىق قىلدى دەپلا ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغاندا، قېرىنداشلىق رىشتىسى ئۈزۈلىدۇ ـ دە، ئادا ـ جۇدا بولۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر قېرىندىشىڭ ساڭا يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، سەن ئۇـ نىڭغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلساڭ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم قەدرىڭگە يېتىشى، ساڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىغا پۇشايـ مان قىلىپ، ئۆزگىرىپ يېنىڭغا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇـ ڭا، بۇ دۇنيادا قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ـــ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا ئىزدىشىپ، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ ـــ دەپ سوـ رىدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـــ ئەي قەدىرلىك بالام! خەلقىمىزدە: «ئىزدەشسە تۇغقان،

ئىز دەشمىسە يات» دەيدىغان ھېكمەت بار؛ يەنە «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى» دەيدىغان ھېكمەتمۇ بار. شۇڭا، قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، يەنە قېرىنداشلىق رىشتىنىمۇ مۇستەھكەملەپ تۇرۇش، دائىم چىڭىتىپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قېرىنداشلار ئارا ياردەم قىلىشقىلى، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا يولۇققاندا يەنە بىر تەرەپ ياردەم قولىنى سۇنغىلى، مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ ھەرقانداق قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ.

ــــ چۈشەندىم بوۋا! ــــ دېدى بىلقۇتجان.

ــــ جېنىم بالام! ــــ دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭغا، ــــ سەندىمۇ كۆندىن كۆنگە چوڭ بولۇۋاتىسەن، قېرىنداشلىق ھەققىدىكى چۈشەنچەڭمۇ بارا ـ بارا چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ چۈشەنچىنى يەنە بىر ـ ئىككى ئېغىز نەسىھەت بىلەنلا تۈگىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېرىنداشلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەردىن كۆپرەك ئېيتىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ــــ ئېخىمۇ قىزىق چۆچەكتىن بىرنى ئاڭلايدىغان بوپتىمەن ـ دە، بوۋا! ــــ دېدى بىلقۇتجان خۇشاللىقتىن سەكرىۋەتكۇدەك بولۇپ.

مۆھتەرەم بوۋاي قىزغىنلىق بىلەن چۆچىكىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com



# ئاكا ـ ئۇكا

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى نامرات بىر دېھقان بولغان ئىكەن. دېھقان كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدىكەن، ئەمما بالىلىرى ئۇششاق بولغاچقا، يېرىم ئاچ، يېرىم توق كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بۇ دېھقاننىڭ ئىككى بالىسى چوڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئىش ـ ئوقەتنىڭ يولىغا چۈشمەكچى بولۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئويىنى ئېيتىپ، ئىجازەت سوراپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئىش ـ ئوقەتكە ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى ئۇكىسى ئىشىك ئالدىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ ئىككى تال شېخىنى كېسىپ ئەكىرىپ بىر تامغا تىكلەپ قويۇپ، ئاكىسىغا:



ـــ ھەي ئاكا، بىزمۇ چوڭ بولدۇق، ئاتا ـ ئانىمىز قېرىپ قالدى، بىز

ئەمدى باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ، دۇنيا تېپىپ كەلمەيمىزمۇ؟ ــ دەپتۇ. ئاكىسى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئىنىسى ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئانا، بىزگە توقاچ يېقىپ بەرگىن، بىز باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ، دۇنيا تېپىپ كېلىمىز، ــ دەپتۇ.

ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاق تىلىكىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىرى تۈگەپ ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىمۇ كىچىكى زادى بوشاشماپتۇ. ئۇ ئالدىدىكى ئېگىز بىر دۆڭگە يامىشىپ چىقسا، چوڭ بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئاكىسىغا:

ــ يۈر چاپسان، بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتىمىز! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇلار دۆڭدىن چۈشۈپ شەھەرگە كەپتۇ - دە، ھارغىنلىقتىن كوچىدىكى تۆپتۈز ياسالغان بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ تاش پادىشاھنىڭ ساياھەت قىلىپ يۈرگەندە دەم ئېلىپ ئولتۇرىدىغان يېرى ئىكەن. پادىشاھنىڭ بىر ئادىمى «تاشنى سۈپۈرۈۋېتەي» دەپ كەلسە، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى كىشى ئۇخلاپ ياتقۇدەك.



ــ بۇ نەنىڭ تىجىمەللىرى!؟ ــ دەپ ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ئېرىقتا تاشلىۋېتىپتۇ. ئازدىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا

uyghurkitap.com



كېلىپ:

— مەن سىلى ئۆلتۈرىدىغان يەرنى سۈپۈرۈۋېتەي دەپ بار-
سام، ئىككى ئوغرى ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى-
نى باغلاپ، ئېرىققا تاشلىۋېتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ دەرھال ئۇلارنى مەپەمگە ئول-
تۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بالىلار كەلگەن زامان پادىشاھ ئۇلارنى ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ-
تۇ، كىيىملىرىنى يۆتكىتىپ، ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە ئال-
دىغا سېمىز گۆش بېسىلغان پولۇ، ئاپپاق توقاچلارنى قويۇپتۇ.
ئۇكىسى:

— ھەي ئاكا، بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغىنى ئىتنىڭ گۆشى
ئىكەن، — دەپتۇ.

ئاكىسى ناننى يەپ كۆرۈپ:

— بۇ ناننى ئادەمنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرغان ئىكەن، —
دەپتۇ.

بۇ پاراڭلارنى پادىشاھ دېرىزىدىن ئاڭلاپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ
ئاچچىقى كېلىپ:



— مېنىڭ ئەڭ ياخشى
تائاملىرىمغا ھاقارەت كەل-
تۈرگىنى ئۈچۈن بۇلارنىڭ
بېشىنى ئال! — دەپ جاللاتلار-
غا بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۇرۇپلا
ئاچچىقىدىن يېنىپ، — توخ-

تا، بۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، زىندانغا تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بالىلارنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ تې-
گىگە يەتمەكچى بولۇپ، مۇلازىمنى چاقىرىپتۇ:

— راستىڭنى ئېيتامسەن - يوق ياكى بېشىڭنى ئالغانغا
رازىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇلازىم:

— پادىشاھى ئالەم، راستىمنى ئېيتاي! سىلى مېھمان كېلىپ
قالدى، ئۇنىڭ ياخشىسىنى كەلتۈرگىن، دېگەنلىرى ئۈچۈن، مەن
ئۇنىڭ ياخشىسىنى كەلتۈرگەن ئىدىم؛ بىراق ئۆتكەن يىلى
بۇغداي تەرگەن يەر بىر چاغلاردىكى جەڭدە ئادەم قېنى تۆكۈلگەن
جاي بولغاچقا، بۇغداي كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئوبدان بولسىمۇ، تە-
مى ئادەم قېنى تېتىپ قاپتۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مالچىنى چاقىرىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— ھەي قويچى، راستىڭنى ئېيت، بولمىسا بېشىڭنى ئالى-
مەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھى ئالەم! راستىمنى ئېيتاي: بۇ يىل بىزنىڭ بىر
قوي قوشكېزەك تۇغۇپ ئۆلۈپ قالغان ئىدى، بىر ئىتىمۇ قوي بى-
لەن تەڭ كۈچۈكلىگەن بولغاچقا، شۇ ئىتتا ئەمدۈرگەن ئىدۇق،
شۇڭا بۇ قوي ناھايىتى
سەمرىپ كەتكەن، — دەپتۇ.



پادىشاھ بالىلارنىڭ زې-
رەكلىكىگە ھەيران بولۇپ،
دەرھال زىنداندىن بوشى-
تىپتۇ - دە، ئۆزىگە ئوك

uyghurkitap.com


قول ھەم سول قول ۋەزىر قىلىنۋاپتۇ.

بۇ پادىشاھنىڭ بىر بۇلبۇلگوياسى بار ئىكەن. ئۇنى ھەر ھەپ- تىدە قەپەستىن ساياھەتكە چىقىرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بۇل- بۇلگويا ساياھەتتىن بىر تال خورمىنى چىشلەپ ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى تەخسىگە سېلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قەپە- سىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ خورما خاسىيەتلىك مېۋە ئىكەن. ئۇنى قېرى ئادەملەر يېسە، ياشىرىپ كېتىدىكەن. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئولتۇرغاندا، ئوڭ قول ۋەزىرى:

— قېنى، پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ يېشىڭىز توقسانغا كەل- دى. بۇ مېۋىنى سىز يەڭ! — دەپتۇ.

پادىشاھ مېۋىنى قولىغا ئېلىپ، يېگىلى تەمشەلگەندە، سول قول ۋەزىرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— پادىشاھى ئالەم، سىزدىن سورايدىغان بىر سۆزۈم بار، — دەپتۇ.

— قېنى سۆزلىگىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

سول قول ۋەزىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پادىشاھى ئالەم، بىز ئىككى - ئۈچ يىل كۈتسەك، مۇشۇ بىر دانە مېۋىدىن نۇرغۇن مېۋە ئالالايمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بارلىق خەلقىمىزنى تەمىن قىلالايمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.



پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى

توغرا تېپىپ، مېۋىنى يېمەي ئورنىغا قويۇپتۇ ھەم شۇ زامان قې-
رى باغۋەننى چاقىرتىپ، ھېلىقى مېۋىنى قولىغا بېرىپ:

— بۇ مېۋىنى ياخشى يەرگە تېرىپ، ياخشى پەرۋىش قىلغىن! —
دەپ تاپشۇرۇپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپتۇ، ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ، ئۈچىنچى يىلى دە-
رەخ مېۋىگە كىرىپ، بىر تال مېۋە پىشىپتۇ. بوۋاي بۇ پىشقان
مېۋىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، پوتىسىغا يۆگەپ ئەپكېتىپ بارسا،
ئۇنىڭ ئالدىغا پادىشاھنىڭ بۇرۇنقى ۋەزىرى يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇ
ۋەزىر:

— ھەي بوۋاي، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
بوۋاي:

— بېغىمىزدا ياخشى بىر مېۋە بار ئىدى، بۇ يىل شۇنىڭدىن
بىر تېلى پىشىپ قاپتۇ، شۇنى پادىشاھقا ئەپكېتىپ بارىمەن، —
دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق بوۋاي! پادىشاھنىڭ ئالدىغىمۇ شۇنداق ئەس-
كى پوتىغا يۆگەپ ئاپىرامدۇ، ئەكەلگىنە، مېۋەڭنى مەن ساڭا ياخ-
شى داستىخانغا ئوراپ بېرەي، — دەپ، بوۋاينى تالادا قويۇپ، ئۆزى
ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
ئۆيىدە ھېلىقى مېۋىنى ئو-
غىغا سېلەپ، ئاپپاق داستى-
خانغا ئوراپ ئېلىپ چىقىپ،
بوۋايغا:

— مانا ئەمدى ئۇيال-



ماستىن ئەكىرسەڭ بولىدۇ، — دەپ تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

بوۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، ھېلىقى مېۋىنى مەن ئۈچ يىلدىن بېرى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، مانا بۇ يىل مېۋە ئالدىم، ئۇنى سىلىنى يەپ كۆرسۇن دەپ ئەكىردىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرلىرى ئالدىدا مېۋىنى يېگىلى تەمشەلگەندە، سول قول ۋەزىرى پادىشاھنىڭ قولىنى يەنە تۇتۇۋاپتۇ. پادىشاھ مېۋىنى قايتۇرۇپ تەخسىگە سېلىپ قويۇپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ سورايدىغان بىر سۆزۈم بار، — دەپتۇ سول قول ۋەزىرى.

— ھە، سورا، — دەپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھى ئالەم، بىز ئۈچ يىل كۈتتۈپ، ئاران دېگەندە، بۇنىڭ بىر تال مېۋىسىنى كۆردۇق؛ ئەمدى بۇ مېۋىنى زىندانداندا ياتقان ئۇرغۇن قېرىلارنىڭ بىرىگە يېگۈزۈپ، شۇنىڭ ساۋابىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزىنىمۇ ماقۇل كۆرۈپ، زىندان باشلىقىنى چاقىرىپ:



— يۈز ياشتىن ئاشقان گۇناھكاردىن بىرىنى چاقىرتقۇت، — دەپ ئەمر قىلىپتۇ.

گۇناھكار بوۋاي كىرگەندە، پادىشاھ:

— ھەي بوۋاي، سېنىڭ زىنداندا ياتقىنىڭغا ئۇزۇن يىل بول-دى. ئەمدى گۇناھىڭدىن كەچتىم، مۇنۇ مېۋىنى يېگىن! — دەپ ھېلىقى مېۋىنى بېرىپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ، مېۋىنى موكىلا قىلىپ ئاغزىغا سالغان ھامان يىقىلىپ، شۇ يەردىلا جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

— ھېلىقى بۇلبۇلگويانى كەلتۈرۈڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ بۇلبۇلگويانى بىر كۆتەككە قويۇپ، ئۆز قولى بىلەن بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. بىچارە قۇشنىڭ تېنى بىر ياققا، بېشى بىر ياققا چۈشۈپتۇ.

ئۇ يەنە باغۋەن بوۋاينى چاقىرتىپ:

— ھېلىقى مېۋىلىك دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەپكىرىپ سورۇۋەت! — دەپ ئەمر قىلىپتۇ. بوۋاي:

— خوپ، بولىدۇ! — دەپ باغقا كىرىپ، ھېلىقى دەرەخكە قا-رىسا، ئۇ پۈتۈنلەي باغدىكى باشقا دەرەخلەرگە ئوخشىماي، بۆلەك-چىلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخنى كۆيدۈرۈشكە بوۋاينىڭ قولى بارماستىن، باشقا قېرى دەرەخنى قومۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەپكىرىپ سورۇپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، بۇ-رۇنقىدەك ھايات كەچۈرۈپ كەپتۇ.



ياندۇرقى يىلى باشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مېۋىلەر قاتارىدا بۇ دەرەخمۇ مېۋە بېرىپ، شاخ ـ شېخىنى كۆتـۈ ـ رەلمەي ئېگىلىپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ كەچكىچە قىلىدىغان ئوقد ـ تى بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىغا تىرەك تىرەش بولۇپتۇ. بۇ مېۋىنىڭ يوغانلىقى تۇخۇمدەك بولۇپ سارغىيىپ پىشىپتۇ.

بوۋاي بىر كۈنى سەھەردە ھېلىقى مېۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر تال مېۋىنى ئېلىپ يەپ يېنىكلىشىپ كېتىپتۇ. شۇ زامان ئۆزىگە قارىسا، ياش يىگىت بولۇپ قالغان. يەنە بىر تال مېۋىنى ئۈزۈپ، يانچۇقىغا سېلىپ ئۆيىگە كىرىپ:

ــ ھەي موماي، يۈر، باغلارنى تازىلايمىز، ــ دەپتۇ خوتۇنى ـ غا، موماي ھەيران بولۇپ:

ــ ھوي سەن كىمنىڭ بالىسى؟! ئۆزۈڭنىڭ مومىسىدەك ئا ـ دەمنى خوتۇنۇڭدەك ئىشقا بۇيرۇغىنىڭ نېمىسى، يوقال! ــ دەپ قوغلاپتۇ. بوۋاي:

ــ ھەي، قويساڭچۇ، مەن سېنىڭ ئېرىڭغۇ. ئىشەنمىسەڭ، مە مۇنۇ مېۋىنى يېگىن! ــ دەپ يانچۇقىدىكى مېۋىنى مومايغا بېرىپ ـ تۇ. موماي مېۋىنى يەپتۇ. موماي شۇ زامات ئون ئىككى ياشلىق قىز بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى بۇلار ياش باللاردەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، باغنىڭ ئىچىنى پاكىز تازد ـ لىنۋېتىپتۇ.



كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆ ـ تۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ «باغدىكى مېۋىلەر پىشىپ كەتتى، مېھمانلارنى ئەپكە ـ

ـرىپ تاماشا قىلاي» دەپ ئويلاپ، تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن بىر ئادەمنى باغقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئادەم دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلسە، كىـ ـچىككىنە بىر بالا دەرۋازىنى توساپ تۇرغان. كەلگەن ئادەم:

— ھەي بالا، باغۋەن بوۋاي قېنى، چاقىرىپ كەلگىنە؟ — دەپتۇ. بالا:

— نىمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ باغۋەن بوۋاي مەن! — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ماڭ، بوۋاڭنى چاقىرىپ كەلگىن، كىمنىڭنى ئەخمەق قىـ ـلىسەن؟! — دەپ ئۇرۇشۇپتۇ. بالا ئۇنىماستىن:

— باغۋەن بوۋاي مەن بولىمەن! — دەپ باغقا كىرگۈزمىگەنـ ـدىن كېيىن، بۇ ئادەم قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا:

— پادىشاھى ئالەم، مەن باغقا بارسام باغنىڭ ئىشىكىدە ئون ئىككى ياشلىق بىر بالا «باغۋەن بوۋاي مەن» دەپ، زادىلا بوۋاينى چاقىرىپ بەرمىدى؛ مېنىمۇ باغقا كىرگۈزمىدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان سول قول ۋەزىر بۇنىڭ نىمە ئىشـ ـلىقىنى دەررۇ سېزىپ:

— پادىشاھى ئالەم، بۇ بوۋاي مېۋىنى يەپ ياشىرىپ بالا بولۇپ قالغانمۇ نىمە؟ — دەپتۇ.



پادىشاھ يۇرتنىڭ بىر قانچە چوڭلىرىنى يىغىپ باغقا ساياھەتكە كەپتۇ. باغـ ـنىڭ ئىچىدە ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر بالا بىلەن

www.uyghurkitap.com



بىر قىز قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەن ئىكەن. مېھمانلارنى كۆرۈپ،
ئۇلار دەررۇ داستىخان، كۆرپىلەرنى سېلىپ، يوغان ئىككى تاۋاقتا
ھېلىقى مېۋىدىن ئۈزۈپ كېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
مېھمانلار بىر ـ بىردىن ئېلىپ يەپتۇ. شۇ زامات بۇ قېرىلارنىڭ
ھەممىسى ئون ئىككى ياشلاردىكى بالا بولۇپ قاپتۇ.
شەھەردىكى ياشانغان باشقا ئادەملەرمۇ بۇ مېۋىنى يەپ ياشى-
رىپ كېتىپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ شەھەر ئادەم قېرىمايدىغان
شەھەر بولۇپ قالغانىكەن.

بىلقۇتجانغا بۇ چۆچەكنىڭ بىر يەرلىرى كەمدەك بىلىنگەن
چېغى، مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى تۈگىتىپ بولۇشىغىلا:
ـــ بوۋا، چۆچەك تۈگىدىما؟ مەن تېخى يەنە ئاخىرى بارغۇ دەپ
ئويلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، ـــ دېدى كەسكىنلىك بىلەن، ـــ
ماڭا بۇ چۆچەكنىڭ بىر يەرلىرى كەمدەكلا بىلىنىدىغۇ؟ ئەقەللىي
قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، پادىشاھ ياشارتىدىغان خاسىيەتلىك مې-
ۋىنىڭ سىرىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇلبۇلگويانى ناھەق ئۆلتۈر-
گەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشى ۋە ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاپ،
ئىلگىرىكى ئوڭ قول ۋەزىر-
نى جازاغا تارتىشى ۋە مەم-
لىكەتنى تېخىمۇ ئادىل سو-
رىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ-
چە چۆچەكنىڭ مۇشۇ جايلى-
رى كەمرەك بولۇپ قاپتۇ.



مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولۇپ:
— توغرا دېدىڭ جېنىم قوزام! — دېدى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — چوڭقۇرلاپ ئويلىغاندا بۇ چۆچەكنىڭ كەمتۈك يەرلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپلۈكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى تولۇقلاش ئەمدى سىلەرگە قالدى، چوڭ بولغاندا تېخىمۇ بېيىتىپ، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرۈشۈڭلارغا تىلەكداشمەن.
— بىلدىم بوۋا، — دېدى بىلقۇتجان باش لىڭشىتىپ، — ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى ئۇزارتماي، باشقا بىرەر تېمىغا كۆچسەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.
— ماقۇل - ماقۇل، ئەمدى مەن ساڭا ۋاپادار ئاكا ھەققىدىكى چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي. دىققەت قىلىپ ئاڭلا، ئاڭلاپ بولغاندا سەندىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللار بار جۇمۇ!
— ماقۇل بوۋا!



# ۋاپادار ئاكا

مەلۇم بىر ئەزىم دەريا بويىدا بىر بېلىقچى ياشايدىكەن. بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا ئىككى قېتىم تور سالىدىكەن. تۇتقان بېلىقنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا نان-پان، ئۇن-پۇن ۋە كۆكتات سېتىۋالىدىكەن. بىر قىسمىنى ئۆزلىرى يەيدىكەن. بۇ بېلىقچى كېسەل بولۇپ قاپتۇ ۋە كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ. بېلىقچى بىر كۈنى ئىككى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، چوڭ ئوغلىغا:

— بالام، مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇكاڭغا ياخشى قارا. ئۇكاڭغا ئاتا ھەم ئانا بولۇپ، بېشىنى ئوبدان سىلا. ياخشى خەۋەر ئالغىن. مەندىن كېيىن قالغاندا، يېتىمسىراپ قالمىسۇن، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بېلىقچى ۋاپات بوپتۇ. ئىككى ئوغۇل يىغلاپتۇ. قاقشاپتۇ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپتۇ. ئاكىسى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، دائىم ئۇكىسىنىڭ غېمىنى يەپ ياخشى قاراپ، ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ.



پىشۇرغان بېلىقنىڭ بېشىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى ئۇكىسىغا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن زامان ئۇكىسىنى ئوبدان بېقىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇكىسىنىڭ قورسىغا جىن كىرىپتۇ: ئاكام دائىم بېلىقنىڭ بېشىنى ئۆزى يەۋالىدۇ. بەلكىم بېلىقنىڭ بېشى تاتلىقراق بولسا كېرەك. مېنى بوزەك قىلىپ ماڭا بېلىقنىڭ بېشىنى بەرمەيدۇ. خەپ توختاپ تۇر، ئەدىپىڭنى بېرىپ بېلىقنىڭ بېشىنى ئوڭچە ئۆزۈم يېمىسەم، دەپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ، ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن تەڭ، ھاۋامۇ بۇزۇلۇپتۇ، قارا بۇلۇتلار ئاسماندا ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇشۇپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن دەرياغا تور ساپتۇ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ئاران دېگەندە بىر بېلىق تۇتۇلۇپتۇ. بېلىقنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇكىسى نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. ئاكىسى ئۆيگە قايتىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا:

ـــ ۋاي ئاكا! ئاۋۇ يەردە ئاجايىپ، غەلىتە بىر بېلىق كېلىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ. ئاكىسى:



ـــ ۋاي قېنى؟ ـــ دەپ، دەرياغا قارىشىغا، ئۇكىسى ئارقىسىدىن بىر ئىتتەرگەن ئىكەن، ئاكىسى دەرياغا يىقىلىپ، چۆكۈپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يەنە سۇ

كىتاب تورى



ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇكىسىغا بىر قاراپ سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. قايتا چىقماپتۇ. ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ئالەمنى بوران - شامال بېسىپتۇ. دەريا سۇلىرى دولقۇنلىنىپ شاۋقۇن ئۇرۇپ گۈركىرەپتۇ. ئەمدى ئاكىسى قايتا كۆرۈنمەپتۇ.

ئۇكىسى بېلىقنى ئۆيگە ئاپىرىپ پىشۇرۇپ: ئاكام مېنى بوزەك قىلىپ بېلىقنىڭ بېشىنى ئۆزى يەۋېلىپ ماڭا بەرمەيتتى، ئەمدى ئۆزۈم ئوڭچە بىر يەي، دەپ، بېلىقنىڭ بېشىنى يېگەن ئىكەن، بېلىقنىڭ بېشى شۇنداق تەمسىز، ئاچچىق ئىكەن، كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىپتۇ. قولىدىكى بېلىقنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ ھەسرەت چېكىپ: «ۋاي جېنىم ئاكا! سەن قايان كەتتىڭ؟ سېنىڭ مېھرى - شەپقىتىڭ، خەير خاھلىقىڭنى بىلمەپتىمەن. مېنى يېتىمسىرەپ قالمىسۇن دەپ، بېلىقنىڭ تەمسىز، ئاچچىق يېرىنى ئۆزۈڭ يەپ، تەملىك، تاتلىق يېرىنى ماڭا بېرىپ بېقىپسەن. مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپتىمەن. ئەمدى مەن قانداق قىلاي، مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرگىن جېنىم ئاكا!» دەپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ ۋە چاپقانچە دەريانىڭ بويىغا بېرىپ، ئاكىسىنى ئىزلەپتۇ. دەريا سۈيى دولقۇن ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىكەن. ئاكىسىدىن ھېچقانداق ئىز - ئەسەر يوق. «ۋاي جېنىم ئاكا! سەن قايدا؟» دەپ ۋارقىراپ دەريانىڭ باش تەرىپىگە يۈگۈرۈپتۇ. ئاياغ تەرىپىگە يۈگۈرۈپتۇ.



تۇ. كېچە ـ كۈندۈز ۋارقىراپ يىغلاپ ئاكىسىنى ئىزلەپتۇ. كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ يىغلاپتۇ. يىغلا ـ يىغلا ئاخىر قۇشقاچقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە، ئۇ قۇشقاچ ھازىرغىچە يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىپ ئاكىسىنى ئىزلەپ ئۇچۇپ يۈرەرمىش.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ دە:

— جېنىم بوۋا، مېنىڭچە، ئادەم بەك تەستە چوڭ بولىدىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئوڭايسىز ھالدا، — ئادەمنىڭ بويى ئۆسسىمۇ، ئەقلىنىڭ چوڭ بولۇشى، ئىشلارنى چۈشىنىشى ھامان كەينىدە قالىدىكەن. چۆچەكتىكى بالىمۇ ئاكىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ماڭا كۆيۈنمىگەنلىك دەپ قارىغاچقا، ئاكىسىنى قەستلەپ، بىلىقنىڭ بېشىنى يېيىشتىن ئىبارەت كىچىككىنە نەپسىنى قاندۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن. نەتىجىدە، ئاكىسىنى سۇغا غەرق قىلىپ، بىلىقنىڭ بېشىنى ئوڭچە يېگەن، ئاخىردا بىلىق بېشىنىڭ شۇنچە تەمسىز، ئاچچىقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان رەھىم ـ شەپقىتىنى ئېسىگە ئالىدۇ. لېكىن ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا، قۇشقاچ بولۇپ كۈندە نالە قىلىپ



يۈرگىنى يۈرگەن. ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە ۋاقتىدا تەدبىر قوللانسا، ئاكىسىنىڭ كۆيۈنگەنلىكىنىڭ قەدرىگە يەتسە، بۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسىنىڭ چوڭقۇر پىكرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلەتتى ـ دە، مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى:

ـــ مېنىڭچە، بۇ يەردىكى مەسىلە ھەرگىز بېلىقنىڭ بېشىنى يېيىش ـ يېمەسلىكتە ئەمەس، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرقانچە دۆت ئادەممۇ ئاكىسىنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش يولىنى تاللىمايدۇ، بەلكى، «ئاكا، ھەر قېتىم سىز بېلىقنىڭ بېشىنى يەيسىز، ماڭا گۆشىنى بېرىسىز، مېنىڭمۇ بېلىقنىڭ بېشىنى يېگۈم بار ئىدى، ئەمما سىز بەرمەيۋاتىسىز» دېگەن بولسا، ئاكىسى ئۇنىڭغا بېلىقنىڭ بېشىنى بەرمەي قالاتتىمۇ؟ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئىبرەتلىك چۆچەكنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق: «چوڭلارنىڭ كۆيۈنۈشىنىڭ قەدرىگە يەت، ۋاپاغا جاپا قىلما، ساڭا ئۆز قېرىندىشىڭدىن ئارتۇق يۆلەنچۈكۈڭ يوق» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكچى. شۇڭا، ھەركىم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى قەدىرلىشى، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىشى، مۇشۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يېتىشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا، مەن بېلىقنىڭ



بېشىنى يېدىم، سەن بېلىقنىڭ گۆشىنى يېدىڭ دەپ، ئورۇشىدىغان ئىش يوز بەرمەيدۇ.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتتى ۋە:

— بوۋا، سۆزلىرىڭىز نەزەر دائىرەمنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ رىشتىگە بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ:

— ئەي قەدىرلىك بالام، مۇشۇ ناۋاتتەك سۆزلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي. دىققەت قىلىپ ئاڭلا ۋە چۆچەكنىڭ مېغىزىنى چاق! — دېدى.



www.uyghurkitap.com



# كىشى ياتتىن خاپا بولمايدۇ، ئۆز يېقىنىدىن خاپا بولىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ياۋۇز، زالىم پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئەلدە ناھەقچىلىكنى كۆپ قىپتۇ. خەلق يېقىر - نامرات-چىلىقتا ئۆتۈپتۇ. ئۇستى - ئۇستىلەپ قاتتىق زۇلۇم تارتىپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلمى، ياۋۇزلۇقى ھەققىدە ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز سۆز قىلالمايدىكەن. ئەگەر پادىشاھ بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلاپ قال-سا، شۇ گەپنى قىلغان ئادەمنى ئۆلۈمگە، مال - مۈلكىنى تالاڭغا بۇيرۇيدىكەن. پادىشاھنىڭ زۇلمى، ۋەھشىيلىكىدىن خەلق قور-قۇپ، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ قارىغۇ، تىلى تۇرۇپ گاچا، ئەقلى - ھوشى تۇرۇپ دۆت بوپتۇ. بۇ ئەلدە ساخاۋەت ئىسىملىك ئاق نى-يەت، ساپدىل، ئادىل بىر كىشى بار ئىكەن. ھەر دائىم ئەل ئارى-سىدا يۈرىدىكەن. قولىدىن كېلىشىچە ئەلگە ياخشىلىق قىلىپ ئۆتىدىكەن. ھاجەت-مەنلەرنىڭ قانداق ھاجىتى بولسا، ئېغىر كۆرمەي راۋا قىلىپ بېرىدىكەن. خەلق ساخاۋەتنى بەك ياخشى كۆ-



رىدىكەن. بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ ساخاۋەتكە كۆڭلى ـ كۆكسىدىكى سۆزىنى ئېيتىپتۇ:

ــ پادىشاھنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. خەلقنىڭ «ئۇھ» دېگۈچىلىك مادارى قالمىدى. بۇ زالىمدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ؟

ساخاۋەت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

ــ ئارغامچىنى تولغاۋەرسە ئۈزۈلىدۇ. زۇلۇم كۈچەيگەنسىرى قارشىلىق شۇنچە ئۆرلەيدۇ. يۇك كۆتۈرگەن ئادەم، يۇك ئېغىرلىشىپ كۆتۈرەلمىگەندە، ئۇستىدىكى يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. زۇلۇم چېكىگە يەتتى، زالىمنىڭ بۇ زالىملىقىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ــ دەپ دېھقانغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ساخاۋەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئاڭلىنىپ، ئاخىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قاپتۇ.

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، كىمكى ساخاۋەتنى تۇتۇپ ئەكەلسە ئۇنىڭغا زور ئىنئام قىلىدىغانلىقى، كىمكى ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇپ ساقلاپ خەۋەر قىلمىسا، ئۇنى جازالاپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چىقىرىپتۇ ۋە



تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆي ـ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ ساخاۋەتنى ھېچكىم ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. ساخاۋەت

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ ساخاۋەتنى ئۆيىگە كىرگۈزسە ئۆزىگە خاپىلىق يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ. ئاش ـ نان بېرىپ، ئۆزرە قويۇپ يولغا سايتۇ. پادىشاھ ئادەملىرى ئاخىر ساخاۋەتنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بوپتۇ ۋە: «ساخاۋەت دارغا ئېسىلىدۇ، ئاۋۋال ھەممە ئادەم جازا مەيدانىغا توپلىنىپ، بۇ گۇناھكارنى بىردىن ئۇرۇشى كېرەك. كىمكى پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ گۇناھكارغا ئىچ ئاغرىتىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

زالىم پادىشاھنىڭ ھۆكمى بويىچە بەلگىلەنگەن كۈنى پۈتۈن خەلق جازا مەيدانىغا توپلىنىشىپتۇ. جاللاتلار ساخاۋەتنى باغلاپ جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈپتۇ. دارنىڭ سىرتمىقىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سېلىپ، ھەممىگە ساخاۋەتنى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇرۇپ ئۆتۈشىگە سەپسېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە كىشى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ. بەزىلىرى كالتەك بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئىشقىلىپ نىمىلا بولسۇن ھەممىسى بىردىن ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ. ساخاۋەت داد ـ پەرياد كۆتۈرمەي مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ.



ساخاۋەتنىڭ سالى دېگەن بىر يېقىن دوستى بار ئىكەن. ساخاۋەتنى ئۇرۇشقا قولى بارماي، ئائىلاجىلىقتا

قولىدىكى ئەتىرگۈلنى ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. گۈل ساخاۋەتنىڭ بۇرنىغا تېگىشى بىلەن تەڭ ساخاۋەت «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتلارغا:

— ساخاۋەتنىڭ بويىنىدىكى سىرتماقنى يەش. ئۇنى ھازىر ئالدىمغا كەلتۈر. ئۇنى گۈل بىلەن ئۇرغۇچىنىمۇ ئېلىپ كەل، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

جاللاتلار ئۇنى بويىنىدىكى سىرتماقنى يېشىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ:

— شۇنچىلىغان ئادەم ئۇرۇپ ئۆتسە، ھەتتا كالتەك بىلەن ئۇرسىمۇ «ۋاي» دېمەيسەن، بۇرنۇڭغا گۈلنى پۇرىتىپ ئۆتسە «ۋايجان» دەپ توۋلايسەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ساخاۋەتتىن.

— مەن گۇناھسىز بىر ئادەم. ناھەقتىن - ناھەق دارغا ئېسىلماقچى. خالايىقلار بىرىنچىدىن، مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ماڭا يات بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئۇردى. شۇڭا ئۇلاردىن خاپا بولمىدىم. ئەمما مېنى گۈل بىلەن ئۇرۇپ ئۆتكىنى مېنىڭ ئەڭ يېقىن قىيامەتلىك ئاغىنەم ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ئۇرغىنى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاقەت قىلالماي



uyghurkitap.com



«ۋايجان» دەپ توۋلاپ سالدىم. كىشى ياتتىن خاپا بولمايدۇ. يېقىن كىشىسىدىن خاپا بولىدۇ، — دەپتۇ ساخاۋەت.

بۇ سۆز پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ ۋە ساخاۋەتنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىپتۇ. «ئادەم ياتتىن خاپا بولمايدۇ، يېقىنىدىن خاپا بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز شۇندىن كېيىن ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ قىسقا چۆچەكنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكىنىدىن، ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى.

— بوۋا، مەن بۇ ھېكمەتنى تولۇق چۈشىنىۋالدىم. بۇ چۆچەك بەك يېقىشلىق ھەم تەسىرلىك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان.

— بالام، بۇ ھېكمەتنى ئۇدۇللا چۈشىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم تېگىگە چوڭقۇرلاش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، گاھىدا ئۇنى جانلىق قوللىنىشنى بىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا چوڭلاردىن ھېكمەت ئاڭلىغاننىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر ئادەم بىرنەچچە مىڭ ھېكمەتنى يادلاپ بېرەلىشى مۇمكىن، ئەمما بىردىگىمۇ ئەمەل قىلمىسا، بۇنداق ھېكمەت بىلگەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا نۆۋەتتە كەلگەندە، لايىق كېلىدىغان ھېكمەتلەر بولسا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. يادىڭدا تۇتۇۋالساڭ، كېيىن چوقۇم



ئەسقىتىپ قىلىشى مۇمكىن.

— ماقۇل بوۋا!

مۆھتەرەم بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلەپ چىققان ھېكمەتلىرى ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بۇ ھېكمەتلەرنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ھېكمەتلەرنى پۇختا ئۆگەنگەندىلا، نۇرغۇن خاتالىق، خاتا قەدەملەرنىڭ، خاتا ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ھېكمەتنى جانلىق ئىشلىتىش، جانلىق قوللىنىش ۋە قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك، مۇشۇ جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ھېكمەت ئۆگەنگەننىڭ ھەقىقىي نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

— ئالتۇنغا بەرگۈسىز گەپلىرىڭىزگە، قىممەتلىك تەلىملىرىڭىزگە رەھمەت بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ.

مۆھتەرەم بوۋاي ئەقىللىق نەۋرىسىنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ باغرىغا باستى.

ئەتىسى بىلقۇتجان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، بوۋىسىدىن چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى ساقلاتمايلا چۆچىكىنى باشلىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ۋاپادارلىق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ياسىن ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئانا ھەر كۈنى باينىڭ ئۆيىدە كىر يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئاران ئىككى يارماق تاپىدىكەن ۋە ئۇنى كەچتە ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوغۇل ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىكەن ـ دە، ئۇ يولغا ئۇن، ئوتياش ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىكەن، ئاندىن لىق بىر سېۋەت ئوتۇن تېرىيدىكەن. ئانىسى قايتىپ كېلىپ تاماق ئېتىدىكەن. ياسىن تاماق يەپ بولۇپ، ئانىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ياسىن ئۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۇكانغا كېتىۋاتسا، بىر ئادەمنىڭ ئۈزۈن بىر تال تاياق بىلەن يەرنى ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بېرىپتۇ. قارىسا، يەردە كىد-



چىككىنە بىر يىلان بالىسى ئۆمىلەپ قېچىپ كېلىۋاتقۇدەك، ھېـ-لىقى ئادەم ھەدەپ ئۇنى ئۇرۇۋاتقۇدەك. ياسىن نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇلارغا قارىغىنىچە قېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا، يىلان با-لىسى قانداقتۇ بىر كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلا ئۇچۇپ، يا-سىننىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ ۋە كۆز ياشلىرىنى ئېقىـ-تىپ، زۇۋانغا كىرىپ:

— ھەي ئوبدان بالا، ئەگەر مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ، ئۆمۈرۋايەت ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن، — دەپتۇ.

ياسىننىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ، يىلانغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ، يىلاننى پۇتلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاكا، بۇ يىلاننى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە يامانلىق كەلدى؟

— بۇ يىلان مېنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلۇمنىڭ قولىنى چېقىۋې-لىپ ناكا قىلدى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — شۇڭا ئۇنى ئۆل-تۈرۈپ، ئاچچىقىمنى چىقارماقچىمەن.

ياسىن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:



— ئۇنى ئۆلتۈرگەنـ-دىن، ماڭا سېتىپ بەرسەـ-ڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ ھەم ئانىسى بەرگەن ئىككى يارماقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ. ھېلىقى كىشى دەسلەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


پۇلنى ئاز كۆرۈپ، يىلاننى ساتقۇسى كەلمەپتۇ. كېيىن: قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆشقۇ، ئاز بولسىمۇ پۇلنى ئېلىپ يىلاننى ئۇنىڭغا بەرسەم، كىچىك بالا دېگەن بىردەمدە ئۆلتۈرۈپ قويمامدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يارماقلارنى ئېلىپ، كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ.

ياسىن يىلاننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەپتۇ. كەچ كىرگەندە، ھېرىپ ـ ئاچقان ئانا ئۆيگە كېلىپ، تاماق ئېتەي دېسە، يا بىر چىمدىم ئۇن، يا بىر تۇتام كۆكتات ۋە ياكى بىر قالام ئوتۇن يوق تۇرغىدەك. ئۇ ھەيران بولۇپ، ياسىندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ياسىن ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا ئوغلىغا بىر مۇنچە كايىپ، نائىلاج ئاچ قورساق يېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئانىسى تۈنۈگۈن ئىشلەپ تاپقان ئىككى يارماقنى يەنە ياسىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ھەم ئۇنىڭغا قىلىدىغان سودىلىقىنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، بايلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ياسىن پۇلنى سىقىمدىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ، ئۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۇكانغا كېتىۋاتسا، بىر ئادەم پۈتۈن ئەزايىنى قوتۇر باسقان ئورۇق بىر ئىتنى ھەدەپ كالتەكلەپ كېلىۋاتقۇدەك. قېرى ئىت ھەر قەدەمدە بىر يىقىلىپ قوپۇپ، ئىچىنىشلىق غىڭشىپ، كۆز يېشى قىلغۇدەك. ياسىن نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇلارغا قارىغىنىچە



قېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىت قانداقتۇ بىر كۆچىنىڭ ياردىمى بى-
لەن بىرلا ئوقچۇپ ياسىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ ۋە:

— ھەي ئوبدان بالا، — دەپتۇ زوۋانغا كىرىپ، — ئەگەر مېنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇۋالساڭ، ئۆمۈرۋايەت ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن.

ياسىنىنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ ئىتنى گەۋدىسى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاكا، بۇ ئىتنى نېمىشقا مۇنچىۋالا ئۇرىسەن؟ ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە يامانلىق كەلدى؟

— بۇ ئىتقا مەن يىگىرمە يىل تۇز بەرگەن بولساممۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئۆيۈمنىڭ تېمىنى تېشىپ كىرىپ، ماڭا قەست قىلماقچى بولدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچىمەن.

ياسىن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇنى ئۆلتۈرگىچە ماڭا سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ ھەم ئانىسى بەرگەن ئىككى يارماقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ.

ھېلىقى كىشى كۆڭلىدە: ئىتنى ئۇنىڭغا بەرسەم، بىر دەمدە ئۆلتۈرۈپ قويۇشى تۇرغان گەپ. ئاز بولسىمۇ پۇلنى ئالـ-مايمەنمۇ... دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يارماقلارنى قولىغا ئېلىپ، كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياسىن ئىتنى يېتىلەپ ئۆيگە كەپتۇ، كەچ كىرگەندە، ھېرىپ ـ
ئاچقان ئانا ئۆيگە كېلىپ، تاماق ئېتەي دېسە، ھېچنېمە يوق تۇر-
غىدەك. ئۇ ھەيران بولۇپ، ياسىندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى
سوراپتۇ. ياسىن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا ئۆز ئوغلى-
غا بىرمۇنچە كايىپ، نائىلاج ئاچ قورساق يېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئانىسى تۈنۈگۈن ئىشلەپ تاپقان ئىككى
يارماقنى يەنە ياسىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ھەم ئۇنىڭغا قىلىدى-
غان سودىلىقىنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ، بايلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ
يولغا چىقىپتۇ، ياسىن پۇلنى سىقىمدىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ،
ئۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتسا، بىر ئادەم پۈتۈن ئەزايى قاز-
غا مىلەنگەن چىرايلىق بىر مۈشۈكنى ئۇزۇن بىر تال تاياق بىلەن
ھەدەپ ئۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. تاياق زەربىدىن ماڭالمىغۇدەك ھالغا
كەلگەن مۈشۈك ھەر قەدەمدە بىر يىقىلىپ قوپۇپ، ئېچىنىشلىق
مىياڭلاپ، كۆز يېشى قىلغۇدەك. ياسىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي،
ئۇلارغا قارىغىنىچە قېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا مۈشۈك قانداقتۇ
بىر كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقچۇپ، ياسىننىڭ كەينىگە ئۆت-
ۈۋاپتۇ ـ دە:



ـــ ئەي ئوبدان بالا، ـــ
دەپتۇ زوۋانغا كىرىپ، ـــ
ئەگەر مېنى ئۇنىڭدىن قۇت-
قۇزۇۋالساڭ، ئۆمۈرۋايەت
ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن.

ياسىننىڭ يۈرىكى

شۈررىدە ئېرىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ رەھمى كەپتۇ. ئۇ، مۈشۈكنى دەرھال پۇتلىرى بىلەن دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ھېلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاكا، بۇ مۈشۈكنى نېمىشقا مۇنچىۋالا ئۇرسەن؟ ئۇ- نىڭدىن ساڭا نېمە يامانلىق كەلدى؟

— بۇ مۈشۈك مېنىڭ يۈز تەڭگىگە ئالغان ياغلىق قاچامنى چېقىپ، ئۇنىڭغا قاچىلانغان يۈز تەڭگىلىك يېغىمنى توپىغا سىڭ- دۈرۈۋەتتى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاچچىقىمنى چىقارماقچىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياسىننىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئۇ، — چوڭ ئادەم تۇرۇپ بۇ قو- تۇر مۈشۈكنى ئۆلتۈرمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ماڭا بېرىۋەتسەڭ، مەن ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولمامدۇ؟

— ياق، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرمىسەم، زادى پۇخادىن چىقمايمەن.

— ئەمىسە، ماڭا سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ يا- سىن.

ھېلىقى كىشى پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر ئاز يۇمشاپ، ياسىندىن:

— نەچچە پۇلغا ئالـ- سەن؟ — دەپ سوراپتۇ



ياسىن ئانىسى ئۇزۇق-

www.uyghurkitap.com



تۈلۈك سېتىۋېلىشقا بەرگەن ئىككى يارماقنى كۆرسىتىپتۇ.

ھېلقى كىشى كۆڭلىدە: قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆشقۇ. مۈشۈ سا-
قىلىم بىلەن قوتۇر مۈشۈكنى قوغلاپ يۈرگىچە، بۇ بالىنىڭ پۇ-
لىنى ئېلىپ، مۈشۈكنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتسەم، كىچىك بالا دېگەن
بىر دەمدە ئۆلتۈرۈپ قويىمامدۇ... دەپ ئويلاپتۇ - دە، يارماقلارنى
ئېلىپ كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قاپتۇ.

ياسىن مۈشۈكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەپتۇ. كەچ كىرگەندە،
ھېرىپ - ئاچقان ئانا ئۆيگە كېلىپ، تاماق ئېتەي دېسە، ھېچنېمە
يوق تۇرغۇدەك. بوسۇغىدا ئىت، مەرەپتە مۈشۈك، توردا يىلان با-
لىسى تۈگۈلۈپ ياتقۇدەك. ئانا ھەيران بولۇپ، ياسىندىن نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ياسىن ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
ئۈچ كۈندىن بۇيان ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، ئاغزىغا گىياھ سالمى-
غان ئانا ياسىننى نەچچە تەستەك ئۇرۇپتۇ. ئىت، مۈشۈك، يىلان
بالىسى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ياسىن ھەمراھلىرىنى كەينىگە سېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقا تەرى-
پىگە ئۆتۈپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا يېتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن
بېرى ھېچ نەرسە يېمىگەچ قورسىقى غۇلدۇرلاپ، كۆزىگە ئۇيقۇ
كىرمەپتۇ. تەسلىكتە ئورنى-
دىن تۇرۇپتۇ - دە، بىر
بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆي-
نىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىغۇ-
دەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىك -
دېرىزە، تورۇسلىرى قا-



ياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتكەن، تۆت بۇلۇڭ، بىر كولۇڭلا قاپتۇ. بۇ
هالنى كۆرگەن ياسىن ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاپتۇ. يىغلا ـ يىغلا
ئاخىرى هوشىدىن كېتىپتۇ. ئىت، مۇشۇك، يىلان بالىسى ياسىن ـ
غا ئېچىنغىنىدىن كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

ــ ئاغىنىلەر، ــ دەپتۇ يىلان بالىسى يىغلاپ تۇرۇپ، ــ بۇ
بىچارە بىزنى دەپ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدى. بىزمۇ ئۇنىڭ دەر ـ
دىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولمايلىمۇ؟

ــ توغرا ئېيتتىڭ، ــ دەپتۇ ئىت كۆز يېشىنى سۈرتۈۋې ـ
تىپ، ــ ئۇنىڭ بىزگە قىلغان شۇنچە ياخشىلىقىنى هازىر ياد ـ
دۇرمىساق قاچان ياندۇرىمىز؟

ــ مەنمۇ شۇنى دېمەكچى ئىدىم، ــ دەپتۇ مۇشۇك مىشىلداپ
يىغلاپ تۇرۇپ، ــ بۇ بىچارە قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن مۇشۇ
هالغا كەلدى. ئۇ هوشىغا كەلگۈچە، بىز بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ ـ
غا يەيدىغان بىر نەرسە تەييارلاپ قويايلى.

ئۇچەيلەن مەسلىهەتلىشىپ، يىلان ياسىننى ساقلايدىغان، ئىت
بىلەن مۇشۇك بازارغا بېرىپ، ياسىنغا ئوزۇقلۇق تېپىپ كېلىد ـ
غان بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار رەستىگە كەلگەندە، مۇشۇك ئىت
بىلەن قىلىشقان مەسلىهە ـ
تىگە ئاساسەن، بىرلا سەك ـ
رەپ قاتار كەتكەن دۇكانلار ـ
نىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ.
ئىت بولسا، ئەتراپقا كۆز
يۈگۈرتكەچ ئالدىغا قاراپ



www.uyghurkitap.com



مىڭغۇۋىرىپتۇ. كېتىۋېتىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر ناۋايخا-
نىنىڭ پەشخۇنىدا يېڭىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان شىرمان نان،
گىردە، كۇنجۇت، سىيادان سېپىلگەن توقاچلار دۆۋىلىنىپ تۇر-
غىدەك. ئىت شۇنداق ئىشارەت قىلغان ئىكەن، مۇشۇك ئۆزىنى
ئۆگزىدىن پەشخۇنىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ. پەشخۇندىكى نانلار ھەر
تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. ناۋاي چۆچۈپ ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ
كېتىپتۇ. ئىت بىلەن مۇشۇك بىردىن ناننى چىشلەپ ئېلىپ قې-
چىپ، ياسىنىنىڭ قېشىغا يېتىپتۇ. ناننى كۆرگەن يىلان خۇشال-
لىقىدا پىلتىڭلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن مۇزدەك
قۇيرۇقىنى ياسىنىنىڭ مەڭزىگە ئاستا يېقىپتۇ. ياسىن ئەندىكىپ،
بىر مىدىرلاپتۇ-دە، ئاستا كۆزىنى ئېچىپتۇ. يىلان بىلەن ئىت،
مۇشۇك دەرھال چۆرىسىگە ئولىشىپتۇ.

— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ ئۇلار تەڭلا، — بۇ ناننى ئىتتىك
يەۋېلىڭ، پۇت-قولىڭىزغا ماغدۇر كىرسۇن.

ياسىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ناندىن بىر ئاز يەپتۇ. شۇ
ئاندا پۇت-قولىغا ماغدۇر كەپتۇ. ياسىن ھەمراھلىرىغا شۇنداق
دەپتۇ:



— سىلەرمۇ ئۆز جې-
نىڭلارنى جان ئېتىڭلار،
مەنمۇ ئانامنى ئىزلەپ با-
قاي، تاپالىسام، ئۆمرۈم بويى
خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇنى
رازى قىلاي؛ تاپالمىسام، ئۇ-

نىڭ دەردىدە ئالەمنى كېزىپ تەركىدۇنيا بولاي.
— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ يىلان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ياسىنـ-غا تەزىم قىلىپ، — سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن، مېھرىبان ئانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەنمۇ ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغان يېتىممەن. سىز ئانىڭىزنى تاپماي تۇرۇپ، ئۆلسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.
— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ ئىت كۆزىگە ياش ئېلىپ، — سىز مېنى زالىم ئىگەمدىن قۇتقۇزۇۋالىمەن دەپ، مېھرىبان ئانىڭىز-دىن، ماكانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەنمۇ سىز ئانىڭىزنى تاپماي تۇرۇپ، ئۆلسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.
— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ مۈشۈك ياسىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئارقا پۇتلىرى بىلەن ئۆرە بولۇپ، — مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋا-لىمەن دەپ، مېھرىبان ئانىڭىزدىن، ئۆي - ماكانىڭىزدىن ئايرىل-دىڭىز. مەنمۇ يىلان بىلەن ئىتقا ئوخشاش سىزگە سادىق بولد-مەن.
ياسىن ھەمراھلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسرلىنىپ، بىر ھازا خىيال سۈرۈپتۇ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كۆيۈمچان ھەمراھلىرىم، ماڭا باغلىغان ئەقىدەڭلەرگە رەھمەت! ئۇنداق بولسا، بىز مەڭگۈ بىللە بولايلى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار



ئوقۇغۇچى كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياسىننىڭ ئانىسىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ، ياسىن ھەمراھلىرىدىن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ يىلان بىرىنچى بولۇپ، — ئاق يىلان پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدىم. بىر كۈنى قارا يىلان پادىشاھى لەكمىلەك - لەكمىلەك لەشكەرلەر بىلەن مەملىكىتىمىزگە بېسىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خانىۋەيران بولۇپ، ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئانام مېنى بىر ئۆستەڭ بويىدىكى چاتقال ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۆستەڭنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ، مېنى قاياقلارغىدۇر ئېقىتىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا بىر ھويلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمەن، ئىچكىرىدىن بىر بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ قالدى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا، يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇيرۇقۇمدىن تۇتۇپ، سۆرەپ ئوينىغىلى تۇردى. بىر چاغدا ئۆيدىن دادىسى چىقىپ:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتقا سېلىپ بەر. يىلان گۆشى يېگەن ئات ھەرگىز چارچىمايدۇ، — دېدى.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالا دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى دەرھال ئورۇنلىماقچى بولۇپ، مېنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، سۆڭەكلىرىم

قاراسلاپ سۇنۇپ، ئېغىز ـ بۇرنۇمدىن قان كەتتى. قورققىنىمدىن جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى. ئويلانسام، بىكاردىن ـ بىكار ئاتقا يەم بولۇپ كەتكۇدەكمەن. شۇڭا، بار كۈچۈم بىلەن قېچىشقا ئۇرۇندۇم. بالىمۇ دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېنى قوغلاشقا باشلىدى ۋە ئۇزۇنغا قالماي يېتىشىۋېلىپ، مېنى يەنە تۇتۇۋالدى ھەم بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، بىر تۈپ دەرەخكە ئۇرۇشقا تەمشەلدى. ئەمدى ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈندى، شۇڭا، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە، ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋالدىم. كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

— سەنمۇ كۆپ ئازاب تارتىپسەن، — دەپتۇ ياسىن يىلان بالىسىغا، — ئەگەر ئىلاج بولسىلا، سېنى ئاتا ـ ئاناڭغا تاپشۇرايلى.

ئەمدى ئىت سۆز ئاپتۇ:

— مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام، — دەپتۇ ئۇ، — ئۆمۈر بويى مېنى سىزگە ساتقان ھېلىقى باينىڭ بوسۇغىسىنى ساقلاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. مەنمۇ ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا پايلاقچىلىق قىلدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ،
ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. باي
خىزمەتكارلىرىغا مېنى ئۆل-
تۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ-
زۇن يىل مەن بىللە
بولغان بۇ خىزمەتكار مېنى
يىراق بىر چۆلگە ئاپىرىپ



www.uyghurkitap.com



تاشلىۋەتتى. بىر كۈنى كېچىسى ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرسام،
يىراقتىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى كەلدى. ئۇلار
مېنىڭ خوجايىنىمنى قانداق ئۆلتۈرۈش، مال - مۈلكىنى قانداق
بۆلاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋېتىپتۇ. كۆڭلۈمدە: ئۇ باي مې-
نىڭ ئۆزىگە قانچىلىك سادىقلىقىمنى چۈشەنمەي، مېنى يوقىتىد-
ۋەتمەكچى بولغان ئىدى، ئەگەر مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ مال - مۈل-
كىنى مۇشۇ ئوغرىلاردىن قوغداپ قالالىسام، خوجايىن چوقۇم ئۆ-
زىنىڭ ماڭا قىلغان يامانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، بۇنىڭدىن كې-
يىن مېنى تازا ئوبدان باقىدۇ؛ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى راھەتتە ئۆتىد-
دۇ.... دەپ ئويلاپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئوغرىلارنىڭ كەينىد-
گە چۈشۈۋالدىم. ئۇلار ئىنس - جىنمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا باي-
نىڭ ئۆيى ئەتراپىغا كېلىشتى. مەنمۇ پەم بىلەن بىر دالدىغا يو-
شۇرۇندۇم. ئوغرىلار باي يېتىپ - قوپىدىغان ئۆينىڭ تېمىنى
شەپە چىقارماي تېشىپ، ئىچكىرىگە كىرىشكە تەييارلانغان چاغدا،
مەن يوشۇرۇنغان جايىمدىن چىقىپ، «ھاۋ - ھاۋ - ھاۋ ...» دەپ
قاۋاپ، ئوغرىلارغا شۇنداق بىر ھەيۋە قىلغان ئىدىم، ئۇلار قورق-
قىنىدىن ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىشتى. مەن خوجا-
يىنىڭ رەھمىتىنى ئېلىشقا
تەييارلىنىپ تۇرغىنىمدا،
بىرسى بىقىنىمغا شۇنداق
قاتتىق تەپتىكى، نەچچە يۇ-
مىلىنىپ كەتتىم. ئېسىمنى
يىغىپ شۇنداق سەپسالسام،



بۇ، مېنىڭ خوجايىنىم ئىكەن. كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە مە-
لۇم.

— خوجايىنىڭ ئەجەبمۇ رەھىمسىز، ئەجەبمۇ كۆڭلى قارا ئا-
دەم ئىكەن، — دەپتۇ ياسىن، — بوپتۇ، سەنمۇ ماڭا ھەمراھ بو-
لۇپ، ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى مەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگىن.

ئەمدى مۈشۈك سۆز ئاپتۇ:

— ئەي ئىگەم، مېنىڭ ئاتا - بوۋام ھېلىقى ساڭا مېنى ساتـ-
قان باينىڭ ئامبار - قازناقلىرىدىكى تاغار - تاغارلاپ ئاشلىقلارنى
تۈلۈمچاشقانلاردىن قوغداپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. مەنمۇ ئې-
سىمنى بىلگەندىن تارتىپلا ئاتا - ئانامنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق
قىلدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە ئادەملەرگە ۋابا
كېسىلى تارقىتىدىغان بىر چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى. مەن بىر
نەچچە كۈن پايلاپ يۈرۈپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا، بۇ مەك-
كار چاشقان قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇپ، بىر سەكرىگەن ئىدى،
ياغلىق قاچىغا چۈشۈپ كەتتى ھەم ئۈزۈنغا قالماي ئۆلۈپ قالدى.
مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، باينىڭ خوتۇنى تاماق
ئېتىش ئۈچۈن ياغلىق قاچىدىكى ياغدىن ئالماقچى بولدى. بۇ
چاغدا مەن ئۆينىڭ ئىچىدە
چېپىپ يۈرۈپ مياڭلاپ،
ئۇنى يېسە جەزمەن كېسەل
بولۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى
ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ گەپلىـ-
رىمنى ئۇقمىدى بولغاي، يە-



www.uyghurkitap.com



نىلا ياغ ئالماقچى بولدى. مەن سەكرەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىد-
قىپ، چۆمۈچ تۇتقان قولىنى سىلكىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئۇ، ياغلىق
قاچىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ياغلىق قاچا چېقىلىپ، پۇتۇنلەي يەر-
گە تۆكۈلۈپ، تۇپىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا خوجايىن كىرىپ
كەلدى ـ دە، خوتۇنىدىن ئەھۋالنى ئاڭلاپلا، مېنى ئۇرۇپ كەتتى.
مەن ناھەق ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، جېنىمنى ئېلىپ قاچ-
تىم، ئۇ بولسا، كەينىمدىن قالماي قوغلايتتى، يېتىشىۋالغان يەر-
دە ئايىماي ئۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار سىزگە مەلۇم.
ــ سەنمۇ بىر دەردمەن ئىكەنسەن، ــ دەپتۇ ياسىن مۇشۈك-
كە، ــ خالىساڭ، بىزگە ھەمراھ بول. كېيىنكى كۈنلىرىمىزنى
بىرگە ئۆتكۈزەيلى.
تۆتەيلەن مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر قومۇشلۇق سازلىققا كې-
لىپ قاپتۇ، سازلىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە
كۆز يەتمەيدىكەن. ئۇلار سازلىقتىن ئۆتۈشنى ياكى كەينىگە يېنىپ
باشقا بىر يول تېپىشنى بىلمەي، بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. بىر
چاغدا يىلان بالىسى گەپ ئېچىپتۇ:
ــ بۇ يەر، ــ دەپتۇ ئۇ خۇشال ھالدا، ــ بىزنىڭ مەملىكە-



تىمىزگە بەكمۇ ئوخشايدى-
كەن.
ــ راستىمۇ؟ ــ دەپتۇ
ياسىن.
ــ راست، ــ دەپتۇ،
يىلان بالىسى، ــ مۇشۇ قو-

مۇشلۇق خۇددى ئوردىمىزنىڭ بېغىغىلا ئوخشاۋاتىدۇ!

ـــ ئۇنداق بولسا، ياخشىراق سەپسال، ـــ دەپتۇ ئۇلار.

ـــ ماقۇل، ـــ دەپتۇ يىلان بالىسى ۋە ئەتراپقا بىر هازا سىنچىلاپ قاراپتۇ. ئاندىن ئۇچەيلەننىڭ ئۆزىنى بىردەم كۆتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، چولتۇككىدە قىلىپ سۇغا شۇڭغۇپتۇ.

ئۇچەيلەن يىلان بالىسىنى كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، كۈتۈۋېرىپ تاقىتى پۈتۈپتۇ. بىر چاغدا سازلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا دەهشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، قومۇشلار شالدىرلاپ، پۈتۈن ئەتراپ شاۋ ـ شۇۋۇغا تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى سۈر بېسىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ ھەم چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ. دولقۇن بىلەن شاۋ ـ شۇۋۇلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا دىڭگىيىپ تۇرغان قومۇشلارنى بىرنى قالدۇرماي يۇلۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا تاشلاپتۇ. قومۇش يۇلۇنغان يەردىن كەڭ ـ كۇشادە بىر يول ئېچىلىپتۇ.

ئۇلار ئەنە شۇ مەنزىرىگە مەست بولۇپ تۇرغاندا، ئاشۇ يولدىن زور داغدۇغا بىلەن ئايىغىغا كۆز يەتمىگۈدەك بىر ئالامان كېلىۋاتقۇدەك، تازا سەپسېلىپ قارىسا، ياسىن قۇتقۇزۇۋالغان يىلان بالىسىنى باشلىرىدا كۆتۈرۈشۈپ، سان ـ ساناقسىز يىلان كېلىشىۋاتقۇدەك. بۇ هالنى كۆرگەن ئۇچەيلەننىڭ تېنى جۇغۇلداپتۇ. جان قايغۇسىدا بىر نەچچە قەدەم كەينىگە يېنىپتۇ. بۇنى سەزگەن يىلان بالىسى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ



ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن تەمىنلەندى www.uyghurkitap.com



كېلىشۋاتقان يىلانلارغا دەرھال جايىدا توختاشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئۈچ دوستىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كۆيۈمچان ھەمراھلىرىم، ئاتا ـ ئانام سىلەرنى ئورـ دىغا چىللايدۇ، ئۇلارمۇ ھەربىرىڭلارنىڭ ئالدىغا كەلمەكتە. يۇـ رۇڭلار، تەخىر قىلماي ماڭايلى، ئۇلارنى كۆپ ساقلاتمايلى.

— يۈرۈڭلار، — دەپتۇ ياسىن ئىت بىلەن مۈشۈككە، — يىلاننىڭ تەكلىپىنى يەردە قويمايلى.

ئۇلار يىلان بالىسىغا ئەگىشىپ، سازلىقتا يول ئاپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، قىلىچ، نەيزە، قالقان بىلەن قوراللانغان ساندـ سىز يىلانلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ئاـ رىسىدىن چىقىپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. يىلان بالىسى بېشىنى شۇنداق لىڭشىتىپ قويغان ئىكەن، بىردەمدە كۆزدىن غاـ يىب بوپتۇ. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئاق يىلان پادىشاھى بىلەن خانىش ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ياسىنغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيـ لەن ياسىننى ئوتتۇرىغا، ئىت بىلەن مۈشۈكنى ئىككى يېنىغا ئېبـ لىپ، ئوغلىنى كەينىگە سېلىپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مېھـ مانلارنىڭ شەرىپىگە بەكمۇ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. خۇشاللىقىدا تۈنجى قېتىم ئادەم بالىسى ئالدىغا تەزىمگە چىققانلىقى؛ ياسىننىڭ ئۆز پەرزەنتىگە قىلغان بۇ ياخـ



شىلىقىنى نېمە بىلەن قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئادەمزات، نېمە ھاجىتىڭىز بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ. كەمىنە ھەرقاچان خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— رەھمەت، — دەپتۇ ياسىن پادىشاھقا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ، — پېقىرنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

— رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ پادىشاھ، — يۈزمىڭ رەھمەت! ئەگەر بولمىسا ھېچقانداق ھاجىتىڭىز، پېقىرنىڭ ماۋۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغايسىز.

— قېنى ئېيتىڭ، ئەي سەلتەنەتلىك شاھ، — دەپتۇ ياسىن، — پېقىر كەلتۈرگۈسى ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى بەجا.

ئاق يىلان پادىشاھ ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئاخىرى خەزىنىچىنى توۋلاپتۇ:

— ئەي خەزىنىچى، — دەپتۇ ئۇ، — تېز ئېيت قېنى، خەزىنىمىزدە ھەم بىزگە، ھەم ئادەمزاتقا كېرەكلىك ئەڭ قىممەتلىك نېمە بار؟

— ئەي قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپتۇ خەزىنىچى، — خەزىنىمىزدە باردۇر بىر جۈپ گۆھەر: ئۇنىڭ بىرى ئاتىڭىزدىن مىراس قالغان خاسىيەتلىك ئالتۇن كەمەر، يەنە بىرى — ئۆزىڭىز كۆھىقاپتىن ئېلىپ چىققان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگىۋشتەر. ئالتۇن كەمەرنى باغلىغان كىشى ئۆمۈر بويى كۆرمە-گەي خەتەر؛ كىمدە بولسا ئەگىۋشتەر ياردۇر ئۇنىڭغا زەپەر.

پادىشاھ ئەگىۋشتەر بىلەن كەمەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن ياسىنغا سۇنۇپتۇ. ياسىن ئىككى يارماق بەدىلىگە بۇنچە قىممەتلىك سوۋ-غىلارنى ئېلىشقا خىجالەت بولۇپ، پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ھۆرمەتلىك پادىشاھ، كۆپ خىجالەتمەن، ئالدىڭىزدا. قىلغان ئىشىم بەكمۇ ئازدۇر - بەكمۇ ئاز، ئەرزىمەيدۇ بۇ ئېسىل سوۋغىڭىزغا.

پادىشاھ ئۇنى سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇ-رۇۋاپتۇ.

ياسىن ئويلىنىپ قاپتۇ. ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا قوبۇل قىلاي ئەگىۋشتەرنى، سىزگە قالسۇن ئاتا مىراس كەمەر، كەلمەس ئەسلا ئېلىڭىزگە خەۋپ - خەتەر.

شۇنىڭ بىلەن ياسىن ئەگىۋشتەرنىلا ئېلىپ ئاق يىلان پادى-شاھنىڭ گۈزەل مەملىكىتى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇچەيلەن يا-سىنىڭ ئانىسىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ماغدۇرلىرىدىن كېتىپتۇ، بولۇپمۇ ئىتنىڭ پۇتىنى يۆتكىگۈدەك ھالى قالماپتۇ. ئىت مۇنداق دەپ-تۇ:



— ئەي مېھرىبان ھەمراھلىرىم، ماڭا قارىماي، يولۇڭلارغا مېڭىۋېرىڭلار؛ بولمىسا، ھەممىمىز بۇ چۆلدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمىز.

— ياق، — دەپتۇ ياسىن، — نېمە بولساق بولىمىزكى، ھەرگىزمۇ سېنى تاشلاپ كەتمەيمىز.

ئۇچەيلەن يەتكۈچە يول ئازابى تارتىپتۇ. يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ياسىن يىلان پادىشاھىنىڭ «كىمدە بولسا ئەڭگۈشتەر، ئۇنىڭغا ياردۇر زەپەر» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، قوينىدىن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ:

— ئەي ئەڭگۈشتىرىم، كۆرسەت كارامەت، ئاچلىق دەردىدىن بولدۇق بىتاقەت؛ كەلتۈر بىزلەرگە لەززەتلىك نېمەت، دوستىمىز ئىتنى قىلغىن تەن سالامەت، — دېگەن ئىكەن، ئەڭگۈشتەردىن ۋاللىدە نۇر چاقناپ، ئالەم شۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرىپتۇ! ئارقىدىن تەخسە ـ تەخسە مېۋە ـ چېۋە، پولۇ، مانتا، ئۈگرە، سامسا، پەرمۇدە، كاۋاپ، شورپا... يېغىپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئىت بىرلا سىلكىنگەن ئىكەن، موينىلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. كۈچ ـ



قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ، مۇشۇكمۇ جاراھەتلىرى ساقىيىپ، موينىلىرى ئالتۇن رەڭ بوپتۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپتۇ.

ئۇ ياسىنغا قاراپ:

— ئەي مېھرىبان ئىن-

www.uyghurkitap.com



گەم، ــــ دەپتۇ، ــــ كىيىم ـ كېچەكلىڭىز بەكمۇ جۇل ـ جۇل بو ـ لۇپ كېتىپتۇ. يەڭگۈشلىۋېلىڭ دەرھال يېڭىسىنى. ئەڭگۈشتەر يەنە بىر كۆرسەتسۇن كارامىتىنى.

ــــ رەھمەت سىلەرگە، ــــ دەپتۇ ياسىن، ــــ يۇرىكىمگە ئوت كېتىدۇ، ئانام چۈشسە يادىمغا. ئانامنىڭ دىدارىنى كۆرمەي تۇ ـ رۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەشنى كىم قويۇپتۇ مەن يېتىم بىچارىگە؟!

ئۇلار قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارغا يەككە ـ يېگانە بىر ئۆي ئۇچراپتۇ. ئىشىكنى قاققان ئىد ـ كەن بىر موماي چىقىپ كەپتۇ. ياسىن ئۇنىڭدىن ئۆيدە بىر كېچە قوندۇرۇشنى ئۆتۈنگەن ئىكەن، موماي دەرھال ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىسا قاراڭغۇلۇقتىن گۆرگە ئوخشايدىكەن. ياسىننىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ، ئەڭگۈش ـ تەرگە:

ــــ ئەي ئەڭگۈشتەرىم، ــــ دەپتۇ ئۇ، ــــ ئۆينى راسلا چىراي ـ لىق، بولسۇن يورۇق، ئازادە، دەم ئېلىشقا قولايلىق. موماي ئۈچۈن ھازىرلا، تۇخۇم پوشكىلى، ئەتكەنچاي، بولسۇن يەنە قەنت ـ ناۋات، ھەسەل بىلەن سېرىقماي، تەييار بولسۇن بىزگىمۇ كۆڭۈل تارتقان تاماقلار، راسا يەيلى تويغۇدەك، ئەجەب ئاچتى قورساقلار.



ياسىننىڭ گېپى تۇ ـ گىشىگە، ئەڭگۈشتەر ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى

هازىرلاپتۇ. موماي خۇشاللىقىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كې-
تىپتۇ. ياسىن بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىرنى قويماي مومايغا سۆز-
لەپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا، موماي ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتقان بو-
لۇپ، كۆز يېشى قىپتۇ. ئاندىن: «ئەڭگۈشتەرنى قولۇمغا ئېلىپ
كۆرۈپ باقسام» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ياسىن ئەڭگۈشتەرنى ئۇنىڭغا
سۇنۇپتۇ. ئىت بىلەن مۈشۈك ياسىندىن قاتتىق نارازى بولۇپ،
مومايىنىڭ قولىدىكى ئەڭگۈشتەرنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما
قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇلارنى مومايغا يېقىنلاشتۇرماپتۇ. بۇ چاغدا
موماي قاقاقلاپ بىر كۈلۈپتۇ-دە، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ
مۇنداق دەپتۇ:

— قولۇمدا بار ئەڭگۈشتەر، يوقتۇر ماڭا خەۋپ-خەتەر.

مومايىنىڭ گېپى تۈگىشىگە ئەڭگۈشتەردىن ۋال-ۋۇل قىل-
غان بىر نۇر چىقىپتۇ-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە، موماي
ياپياش بىر قىزنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئەڭگۈشتەرنى بىر
شىلتىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز
يەتكۈسىز، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلۇق كۆل، ئاجايىپ خۇش ھاۋا-
لىق بىر باغ پەيدا بولۇپتۇ. باغ ئىچىدىن ئاجايىپ كېلىشكەن بىر
جۈپ قىز چىقىپ، كۆلدە
تۇرغان قېيىققا سەكرەپ
چىقىپتۇ. قېيىق ئۇچقاندەك
مېڭىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ توختاپتۇ. قىزلار
قېيىقتىن چۈشۈپ مومايغا



ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ. ئاندىن موماينى ئىككى قولىدىن يۆلەپ، قېيىققا چىقىرىپتۇ. موماي باغدا ياسىنلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئامان قويدۇم جېنىڭنى، رەھمەت ئېيت بۇ كۆڭلۈمگە، دۇئا قىلىش ئۆلگۈچە، بەختىم بىلەن ئۆمرۈمگە.

شۇنداق دېيىشى بىلەن تەڭ، كېمە ئۈزۈپ كېتىپتۇ. ياسىنلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆي - ئىمارەت، باغباراڭلار بوران سوقۇۋەتكەندەك توزۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەمدى ئۆيدە ئەمەس كۆلنىڭ بويىدا تۇرغۇدەك. بۇ چاغدا، يامانغا ياخشىلىق قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان يېگەن ياسىن يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئۇلار مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ياسىننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ياسىن ئۇخلاپ قالغان چاغدا، ئىت بىلەن مۈشۈك مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ:

— دوستۇم، — دەپتۇ مۈشۈك ئىتقا، — ئىگەم بىزنى دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلمايلىمۇ؟

ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى ئىككىيلەن بىللە بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى تېپىپ كەلمەكچى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىت مۈشۈكنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ كۆلگە چۈشۈپ مېڭىپتۇ. نەچچە كېچە - كۈندۈز ئۈزگەندىن كېيىن، موماي تۇرغان باغقا يېتىپ كەپتۇ. ئىت باغنىڭ سۇڭگۈچى تۈۋىدە پايلاقچىلىق قىلىپ قاپتۇ. مۈشۈك باغنىڭ ئىچكىرسىگە قاراپ



يول ئاپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، موماي تۇرغان راۋاقنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. راۋاقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، موماي مەخمەل كۆرپە، پەي ياستۇقلار ئۈستىدە ياتقۇدەك. بىر جۈپ قىز مومايىنى يەلپۈۋاتقۇدەك. مۈشۈك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۇلارغا يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە ئەڭگۈشتەرنى ئىزلەپ موماي-نىڭ ئەتراپىغا كۆز سالپتۇ. موماي ئۇيقۇ ئارىلاش بىر ئەسنىگەن ئىكەن، ئاغزىدىن ۋال - ۋۇل قىلغان بىر نۇر چىقىپ، پۈتۈن ئا-لەمنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. مۈشۈك دەرھال راۋاقتىن چۈشۈپ، كۆر-گەنلىرىنى ئىتقا ئېيتىپتۇ. مۈشۈك يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ بىر دانە چاشقان تۇتۇپتۇ. ئاندىن چاشقانغا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتقان ئىكەن، چاشقان دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا قەسەم ئى-چىپتۇ ھەم قۇيرۇقىنى سۇغا چىلاپ، ئاندىن قازاننىڭ كۈيىسىگە مىلاپ، مۈشۈك بىلەن بىرلىكتە راۋاققا يامىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، موماي خىرقىراپ ئۇخلاۋاتقىدەك، ئۇنى يەلپۈۋاتقان قىزلارمۇ كۆزلىرىنى ئاچالماي، ھەدەپ ئۈگدەۋاتقۇدەك، چاشقان مۈشۈكنىڭ ئىشارىتى بىلەن چاندۇرماستىن كارىۋاتقا يامىشىپ، مومايىنىڭ ياستۇقى ئۈستىگە چىقىپتۇ، موماي كۈيىنىڭ ئاچچى-قىغا چىدىماي، كەينى - كەينىدىن بىر نەچچىنى چۈشكۈرگەن ئىكەن، ئاغزى-دىن ئەڭگۈشتەر چاچراپ چىقىپ، مۈشۈكنىڭ ئالدى-غىلا چۈشۈپتۇ. مۈشۈك



ئەڭگۈشتەرنى كاپ قىلىپ چىشلەپتۇ ــ دە، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچ-قۇچە راۋاقتىن چۈشۈپ، ئىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. موماي ئىپىنى يىغىپ چاپارمەنلىرىنى مۈشۈكنى تۇتۇشقا بۇيرۇغاندا، ئىت بىلەن مۈشۈك ئاللىقاچان كۆلدىن چىقىپ بولغان ئىكەن.

قارىغۇدەك بولسا، ياسىن تېخىچە ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئىت بىلەن مۈشۈك ئۇنى ئويغىتىپتۇ. ياسىن مۈشۈكنىڭ ئاغزىدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىت بىلەن مۈشۈك قانداق قىلىپ بۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ياسىن غەزەپ بىلەن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن، ھېلىقى قارا نىيەت موماي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. ئۇلار ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى بېلىقلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇ-چەيلەن تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، ياسىن:

— ئەگەر شۇ تاپتا ئانامىۇ قېشىمدا بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە! — دەپتۇ.

ياسىن ئاخىرى ئانىسىنى ئەڭگۈشتەرگە تاپقۇزماقچى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:



— ئەڭگۈشتىرىم، مېھرىبان ئانامدىن، قالدىم كۆپ يىل بىخەۋەر، تېپىپ بەرگىن ئانامنى، ساقايتقىن دىل يارامنى.

ياسىنىنىڭ سۆزى ئاياغ-

لىشىشى بىلەن تەڭ، ئەڭگۈشتەردىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ نۇر چاق ـ ناپتۇ ۋە ئاشۇ نۇرلار ئارىسىدىن بىر يول ئېچىلىپتۇ. شۇ يول بىـ ـ لەن ئازغىنە ماڭغان ئىكەن، بىر ئەسكى تاملىقتا ئۆلـەر ھالەتتە ياتقان ئانىسىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئانا ـ بالا خۇشاللىقىدىن قۇچاق ـ لىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇزاققىچە كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشىپتۇ. تۆتەيلەن بىر ھازا يىغا ـ زار قىلىشقاندىن كېيىن، ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سۆزلىشىپتۇ.

ئانىنىڭ سۆزىدىن ماۋۇلار مەلۇم بوپتۇ: ياسىنىنى ئۆيدىن قوغلىۋەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئانا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بىر ـ دەم كىر يۇغاندىن كېيىن، قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ماغدۇرى ئۇ ـ زۇلۇپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن باي ئۇنى «ئۆلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، خىزمەتكارلىرىغا ئەپچىقىپ كۆمۈۋېتىش ـ كە بۇيرۇپتۇ، ئۆزى بىر نەچچە چاپارمەنىنى باشلاپ بېرىپ، نەزىر ـ چىراغقا ئىشلىتىش نامى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىنى ئېـ ـ چىپ، ياغاچ ـ تاشلىرىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. خىزمەتكارلار ئانىنى شەھەر سىرتىغا ئەپچىقىپ، بىر ئازگالغا تاشلاپتۇ ـ دە، ئۈستىگە ئازراق توپا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئانا ھوشىـ ـ غا كېلىپ، شۇنداق قارىغۇ ـ دەك بولسا، بىر ئازگالدا ياتـ ـ قۇدەك، ئۇ، تىرىشىپ ـ



www.uyghurkitap.com



تىرمىشىپ، مىڭ جاپادا ئازگالدىن چىقىپتۇ ۋە چاۋار تىرىۋاتقان بىر خوتۇنغا ئۇچراپتۇ. ئىككىيلەن بىردەم مۇڭدىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تۇل خوتۇن بىر كۇندە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ، بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتۇ. ياسىننى سىغىنىپ، ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇ ـ ماپتۇ، سۇرۇشتۇرۇپ دىرىكىنى ئالالماپتۇ...

شۇنداق قىلىپ ئانا ـ بالا تېپىشىپتۇ. ئۇلار ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن كېيىنكى ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ ـ تۇ. ئىت بىلەن مۇشۇكمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بوسۇ ـ غىسىنى ساقلاپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكتىن بەك تەسىرلىنىپ كەتكەن بولغاچ ـ قا، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ مۇنداق دىدى:

— ھەي جىنىم بالام! ئۇلۇغ خەلقىمىز بىزگە «ياخشىلىق يەردە قالماس»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» دىگەن ھىكمەتلەرنى قال ـ دۇرۇپ كەتكەن. مانا بۇ چۆچەكتىمۇ يىتىم ئوغۇل ياسىن شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن يىلان، ئىت، مۇشۇكلەرنى قۇتقۇزۇۋالغاندى، ئۇلار كېيىنكى كۇنلەردە ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قاي ـ



تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇ ئاچلىقتىن يىقىلىپ ھوشىدىن كەتكەندە، ئۇلار ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ چۆچەكنىڭ ھېكمىتى شۇكى، «كىچىككىنە ئىمكانىيىتىڭ بولسىمۇ، چوقۇم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغىن، مىننەتسىز ياخشىلىق قىلساڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم ئۇنىڭ جاۋابىنى كۆرىسەن» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، سەنمۇ چوقۇم كىشىلەرگە مىننەتسىز ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇشقا تىرىشىشىڭ كېرەك، شۇنداق قىلساڭلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالالايسەن ۋە بۇ ھاياتىي دۇنيادا ياخشى نام - نىشان قالدۇرۇپ كېتەلەيسەن.

— بوۋا، كىشىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىق چوقۇم مىننەتسىز بولۇشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— ئەلۋەتتە، كىشىگە قىلغان ياخشىلىق چوقۇم مىننەتسىز بولۇشى كېرەك. مىننەت قىلىش دېگەن نېمە؟ ئەگەر سەن بىرىگە ئازراق ياخشىلىق قىلىپ قويۇپلا، «مەن ساڭا ئۇنى قىلىپ بەردىم، بۇنى قىلىپ بەردىم، مەن شۇنداق قىلىپ بەرمىگەن بولسام ئۇنداق بولۇپ كېتەتتىڭ، بۇنداق بولۇپ كېتەتتىڭ» دەپ ئادەم بار - يوق دېمەستىن داۋراڭ سالساڭ، ئۇ كىشىنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ساڭا نەپرەتلىنىدۇ. شۇڭا



www.uyghurkitap.com



مىننەت قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.
— مەن چۈشەندىم، — دېدى بىلقۇتجان قىزغىنلىق بىلەن، — قېرىنداشلىقتا مىننەتسىز، خالىس بولۇش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئويلىماي، قارشى تەرەپنى ئويلاش، قارشى تەرەپنىڭ غېمىنى يېيىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. شۇنداق قىلغاندىلا قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغىلى بولىدىكەن.
— قېرىنداشلىقتا ۋاپادارلىق، دوستلۇق رىشتىمۇ باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەڭ مۇھىمى قېرىنداشلار ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋەت بار بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ھاياتىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتا ھەرقانداق مۇناسىۋەت قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتكە يەتمەيدۇ. ئەمما بۇ مۇناسىۋەت توختىماي پەرۋىش قىلىشقا، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ تۇرۇشقا موھتاج. شۇڭا بۇ تەرەپلەرگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.
بىلقۇتجان مۆھتەرەم بوۋاينىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتتى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن:
— ئوماق قوزام! يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمنى چۈشەنگەن بولساڭ، مەن سەندىن تولۇق خاتىرجەم بولدۇم. ئەمدى قېرىنداشلىقنىڭ ئۆلگىسى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۆچەككە دىققەت قىلغىن.

# قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلگىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئاكا ـ ئۇكا ئۆتكەن ئىكەن. ئاـ
كىنىڭ تۆت بالىسى بار بولۇپ، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەكتە بوـ
لۇپتۇ ۋە ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتلىشىپتۇ، ھېچقاندا ق نەرسىدىن
قىزغىنىشماپتۇ.

بىر يىلى بۇ ئاكا ـ ئۇكا بۇغداي تېرىشىپ، مول ھوسۇل ئېـ
لىشىپتۇ. چىققان مەھسۇلاتنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ. ئۆيىگە يۆتكەپ
كەتكىچە كەچ بولۇپ قاپتۇ ـ دە، خاماندا قونۇشۇپتۇ. يېرىم كېچە
بولغاندا ئاكىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ مۇنداق ئويلاپتۇ: ئۇكامنىڭ
بالا ـ چاقىسى بولمىغان بىلەن يالغۇز ئادەمگە خىراجەت كۆپ
كېتىدۇ. بالا ـ چاقا قىلىش ئۈچۈنمۇ پۇل لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ ياش، تەجرىبىسى كەم، تېرىقچىلىقنىڭ يولىنى بىلـ
مەيدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش لازىم.

ئۇكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلانغان ئاكا بىر قاپـ
چە غەلۋىر بۇغداينى ئۇكىسىنىڭ بۇغدىيىغا تۆكۈپ قويۇپتۇ.

ئۇكىسى سەھەرگە يېقىن ئويغىنىپ: مېنىڭ بالا ـ چاقىلىـ
رىم يوق، چىقىمىم ئاز، ئاكام بالا ـ چاقىلىق، ئالغان مەھسۇلاتى
ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىم
لازىم. مەھسۇلات ئېلىشتا ئاكامنىڭ ئەجرى كۆپ بولدى. قاراپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇرۇپ بوغداينى تەك بۆلۈپ ئېلىشىم ئىنسابلىق ئىش ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر قانچە غەلۋىر بۇغداينى ئاكىسىنىڭ بۇغدىيىغا قوشۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا قارىغۇدەك بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ بۇغدىيى ئوخشاش تۇرغۇدەك. ھەيران بولۇشۇپتۇ ـ يۇ، مەلۇم سەۋەبنى باھانە قىلىپ ئەتىسى يەنە خاماندا قونۇشۇپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا يەنە ئالدىنقى كېچىدىكى ئىشلىرىنى تەكرارلىشىپتۇ. سەھەر ۋاقتىدا بىر ـ بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، ئەھۋال ئاشكارا بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى تۇغقاننىڭ ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ.

بىلقۇتجان چۆچەك تۈگىشى ھامان بوۋىسىغا مەنىلىك قارىدى. بۇ چۆچەك شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلاندۇرغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭدىن:

ــ بالام، بۇ چۆچەكتىن قانداق تەسىرات ئالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.

بىلقۇتجان قىزغىنلىق بىلەن بوۋىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ قېرىنداشلىق ئۆلگىسى ـ ھە؟ مەن ھەقىقەتەن بايا سۆزلىگەن سۆزلىرىڭىزنى ئازراق چۈشىنەلمىگەن ئىدىم، بۇ چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگىنىڭىزدىن كېيىن، مېنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچەم تولۇق ئايدىڭلىشىپ كەتتى. ھەممە ئىشتا قارشى تەرەپنى ئويلىغاندا

دىلا، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقىلى بولىدىكەن.

مۆھتەرەم بوۋاي ئەقىللىق نەۋرىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئالەمچە سۆيۈنۈپ كەتتى ـ دە:

ــ جېنىم بالام! مۇشۇ تاتلىق سۆزلىرىڭ ئۈچۈن ئاغزىڭغا ناۋات سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. خۇددى چوڭ ئادەملەردەكلا ئەتراپلىق سۆزلىدىڭ، كۆز نۇرۇم! ــ دەپ، بىلقۇتجاننىڭ پېشا-نىسىگە سۆيۈپ ئەركىلەتتى.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدى. مۆھتەرەم بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ خەلقىمىز ئارىسىدا ۋاپادار قېرىنداشلار توغرىلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئاجايىپ جىق، ئىبرەتلەرمۇ تولۇپ ـ تېشىپ يېتىپتۇ. كىشىلىرىمىز ئۆتمۈشتىن بۇيان مانا مۇشۇ ئىبرەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاكىتىپ ھاياتلىق چۈشەنچىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھالبۇكى، بىر توپ، بىر جەمئىيەتتە قې-رىنداشلار ئارا ئۆچەكىشىپ ئۆتىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاي-دىغان، بىر ـ بىرىگە قەست قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىز بۇلاردىنمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىبرەت ئېلىپ تۇرغان. ئەي قەدىرلىك بالام! ئەمدى ساڭا ئاخىردا ساپ كۆڭۈل كىشىلەر ھەققىدە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي.

بىلقۇتجان خۇشال بولۇپ، چۆچەك ئاڭلاشقا تەمشىلىپ تۇر-دى.

www.uyghurkitap.com



# ساپ كۆڭۈل يىگىت ۋە زېھىنلىك قىز

بۇرۇنقى زاماندا، تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بولۇڭدا، ئوچاق كۇ-
لۇڭدا بولغان كونىلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرگە يىراق يېزىنىڭ چې-
تىدە بىر يېتىم بالا بولغان ئىكەن. ئۇ ئۆزى يۇرتىدا قانچە ئىش-
لىسىمۇ، قورسىقى تويغۇدەك غىزا، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىـ-
يىمگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئاخىر بىلىنى چىڭ باغلاپ، باشقا يۇرتلارغا
قاراپ مېڭىپتۇ.

يېتىم بالا ئۇندا ئىشلەپ، بۇندا كەچلەپ دېگەندەك، يۇرت ئا-
رىلاپ يۈرۈپ، ئارىدىن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن
ھەممە يەردە «قازاننىڭ قولىقى تۆت» بولغاچقا، بارغان يېرىنىڭ
ھېچبىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئارىدىن بىر
نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندە، بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ، ئارام ئې-
لىپ، سۇ ئىچىپتۇ، كۈمۈشتەك سۈزۈك ۋە شېرىن بۇ سۇ يىگىت-
نىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ. يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ سەگىگەندىن
كېيىن، بېلىدىكى پۇچۇقناننى ئېلىپ، سۇغا چىلاپ يېيىشكە
باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سۇدىن يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر ئالما ئېقىپ
كەپتۇ. يىگىت ئۇنى ئاپتۇ. قارىسا، چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان
ئالما. يىگىت كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئالمىنى يەپ قويۇپتۇ. كې-

يىـن قولـنى چايقـاپ ئولتۇرۇپ: بـۇ ئالمـمۇ ماڭا ئـوخشاش بىـر بىچارە غىـرىبنىـڭ ئاران تاپقان ئوزۇقى بولغىيدى، ئۇ، بۇنى يىـتـ-تۈرۈپ قـويۇپ، ئۆزى نەلـەردە قاقشاپ يـۈرگەندۇ؟ مەن ئـالمـىنى ئويلىماي يەپ قويۇپتىمەن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىپ، ئالمـ-ىنىڭ ئىگىسىنى تاپاي - دە، ئالـمىنى يـەپ قويغانـلىقـىمنى ئېيـ-تىپ، رازىلىقىنى ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ ئېرىق ياقىلاپ ئالمـا ئېقـىپ كەلگەن تـەرەپكە قاراپ مـېـ-ڭىپتۇ. ئۇ ماڭە - ماڭە قىرلاردىن ئېشىپتۇ. بەل - پۇتى تېلىپـ-تۇ. ئاخىر ئېرىقنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا بۇ ئېرىق چوڭ بىر باغنىڭ شورىسىغا بېرىپ تاقىلىپتۇ. يىگىت باغنى ئايلىنىپ قـا-رىسا، يېقىن ئەتراپتا بۇ باغدىن باشقا ھېچنېمە يوق. يىگىت «مەن يېگەن ئالما مۇشۇ باغنىڭ ئالمىسى بولسا كېرەك، باغقا كىرىـپ، باغۋەننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كېتەي» دېگەن نىيەتكە كېلىپ، باغنىڭ ئىشىكىگە قەدەم بېسىپتۇ. ئىچكىرى كىرىپ قارىسا، سا-قىلى ئۆچتەك ئاقارغان، مەڭزى ئالمىدەك قىزىل ئوتتۇرا بوي بىر دېھقان قولىدىكى كەتمىنىنى ئېرىقتا چايقاپ تۇرغىدەك. يىـ-گىت بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. سالام ئالغان دېھـ-قان:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر قۇر بايان قىلىپ كېلىپ، ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېھقان يىگىتنىڭ ساپ كۆڭلىگە

قايىل بولۇپ، بۇ يىگىتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، بۇ گېپىڭنى ئاڭلىغان باغۋەن سىنىڭدىن رازى بولماي تۇرالامدۇ؟ بىراق، ئالمىنى پەرۋىش قىلدۇرغان ئادەم ئۇ- چۇن بۇ سۆز كۇپايە قىلمايدۇ.

— ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزرەمنى قوبۇل قىلماي، مەندىن نىمە- نى تەلەپ قىلسا، تەلىپىنى ئورۇنداپ، رازىلىقىنى ئېلىشقا تەي- يارمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بەللى ئوغلۇم، مۇرادىڭغا يەت، — دەپتۇ دېھقان، — سەن سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ يېگەن ئالما ئەسلىدە مېنىڭ يالغۇز قى- زىمغا ئاتاپ ئۆزۈلگەن ئىدى. مەن ئۇنى ئېلىپ ئېرىقتىن ئاتلى- غاندا، قولۇمدىن سۇغا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا ئارقىسىدىن ئانچە قوغلاشمىغان ئىدىم. گېپىڭگە قارىغاندا، ئۇ ئالما ساڭا نېسىپ بوپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنغۇ بايىلا رازى بولغان ئىدىم، بىراق نېسىۋەڭنىڭ ئىگىسى بولغان قىزىم تېخى بۇ گەپنى ئاڭلىمىدى. مەن قىزىمغا سىنىڭ ئىلتىماسىڭنى ئېيتاي، سىنىڭ شۇنچىلىك يولنى رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن بېسىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلىسا، ئۇ- مۇ رازىلىق بېرەر...

دېھقان شۇنداق دەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، خېلىدىن كېيىن چىقىپ يىگىتكە:

— قىزىم: «شۇ يىگىت ئېغىر كۆرمىسە، مېنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، باغنى بىر ئايلاندۇرسا رازى بولاي» دېدى، — دەپتۇ.

يىگىت بۇنىڭغا رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان بالىنى ئۇ-

يىگە باشلاپ كىرىپ، يىراق ـ يېقىندىكى تۇغقانلىرىنى يىغىپ، توي قىلىپ، قىزىنى بېرىپتۇ. نىكاھ تۇگىگەندىن كېيىن يىگىت قىز بار ئۆيگە كىرسە، ئۆينىڭ تورىدە ئايدىن يورۇق، كۈندىن نۇرلۇق، پەرىزاتتەك بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. يىگىت: مەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ ئارقىسىغا يېنىپتىكەن، قىز ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

ـــ مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە بارىسىز؟ ـــ دەپتۇ. يىگىت يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇرۇپ:

ـــ ئۆز ئۆيۈمگە، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۆز ئۆيىڭىز مۇشۇ، ـــ دەپتۇ قىز، ـــ مەن سىزنىڭ نىكاھلاپ ئالغان جۈپتىڭىز.

ـــ سىز راست دېھقاننىڭ قىزىمۇ، ـــ دەپتۇ يىگىت كۆزلىرىگە ئىشەنمەي.

ـــ ھە... ئە، ـــ دەپتۇ قىز.

ـــ ئانداق بولسا دادىڭىز يالغانچىكەن، مېنى ئالداپتۇ، ـــ دەپتۇ يىگىت.

ـــ دادام سىزنى نېمە دەپ ئالداپتۇ؟ ـــ دەپتۇ قىز.

ـــ قىزىمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز دېگىنى ئالدىغىنى ئەمەسمۇ؟ ـــ دەپتۇ يىگىت.

ـــ دادامنىڭ ئۇ گېپى سىزنى ئالدىغانلىقى ئەمەس، ئۇ سۆزدە سىر بار. دادامنىڭ مېنى تاز دېگىنى بېشى بوش دېگىنى، كۆزى كور دېگىنى نامەھرەمنى كۆرمىدى دېگىنى، پۇتى باسماس دېگىنى يامان يولغا ماڭمىغان دېگىنى، قولى تۇتماس دېگىنى باشقىلارنىڭ

قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمىغان دېگىنى.

يىگىت قىزنىڭ كوڭلىنىڭ ساپلىقىغا، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈ-كىگە، دېھقان بوۋاينىڭ ئەقلىگە ھەيران بولۇپ، قالغان ئۆمرىنى شۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكتىن بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. ئۇ بو-ۋىسىنىڭ سۆزىنىمۇ كۈتمەستىنلا:

— بوۋا، سىز ئېيتقان چۆچەكتىكىدەك كىشىلەرنى رېئال تۇرمۇشىمىزدىنمۇ تاپقىلى بولىدىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي، — ئاق كۆڭۈل كى-شىلەر ئارىمىزدا ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر: «ھەددىدىن ئارتۇق ئاق كۆڭۈللۈك ئەخمەقلىق» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنداق قاراش خاتا. جەمئىيەتتە ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەملەر قانچە كۆپەيگەنسېرى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىسى شۇنچە كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن سەنمۇ ھەر ئىشقا ئەقىل ئىشلەتكىنىڭدە، ئاق كۆ-ڭۈل، سەممىي بولۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بەخت يولۇڭ داغدام بولىدۇ.



كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى
تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام)
مەخمۇتجان (رەسسام)
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-900511-10-2
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)